

# شىنجاڭ ياشلىرى

新疆青年

1986 9





ياشلارغا يۆلەك، ياخشىغا قولداش
يامانغا بەرھەم، ھاياتقا يولباش
ئۇچقۇرغا قانات، دوستلارغا قاياش
ئاقىلغا ياراق، يولچىغا يولداش
خۇشبۇيى چېچەكتىن بەھىر ئىزدەر كىم
بۇ گۈلزار ئارا ئۈمىدسىز قالماس

XINJIANG YOUTH

«مەلىكىنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق كىنو فىلىمىنى چۈشەندۈرۈش:

يېقىندا تەڭرى تاغ كىنو ستودىيەسى ئۇيغۇر مىللىتى ئارى-
سىدا كەڭ تارقالغان رىۋايەتكە ئاساسلىنىپ «مەلىكىنىڭ ئۆلۈمى»
فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدى.

بۇ فىلىم تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، قەدىمى
ەھەردىكى ھەسەن باينىڭ قىزى مەرىيەم بىلەن شاھزادە قەي-
سەر ئوتتۇرىسىدىكى چىن مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بايان قى-
لىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا فىلىمدە ئاچكۆزلۈك زوراۋانلىق پاش
قىلىنىدۇ.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى بەختى تارتقان).



زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مەرىيەم خېنىم چەكسىز ئازابلىنىدۇ.



شاھزادە قەيسەر بەرىدەنى خانا ھالدا سۆيۈملىكى مەرىيەم دەپ ئويلاپ قالىدۇ.



مەرىيەم خېنىم بىلەن قەيسەر شاھزادە ئاققۇ كۆلى بويىدا كۆرۈشۈش بىلەنلا بىر بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.



بەرىدە كېلىن بولۇشنى خالىماي زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالىدۇ.



قارا كىشىلىك ئانال لالەگۈل جىنايەتلىك قو-
لىنى بەرىدەگە سوزىدۇ.





شاھزادە قەيسەر مە-
رىيەمگە ياشىنى ئاخىرغىچە
سادىق بولۇپ كېلىدۇ.

شاھزادە قەيسەر مە-
رىيەم خېنىمنى ئىزدەپ
تاپقاندا ئۇ ئاللىقاچان
كىشىلىك دۇنيادىن ئاي-
رىلغان.

ياش زىيالىيلارنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشىدىكى ئۇنۇملۈك يول ........ (1)

**ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق**

ئامەتنى ئويلايدىغان ياش ........ ت. مۇھەممەد (2)
ياش كەشپىياتچى ........ يۈسۈپ ئەخمىدى (3)

**بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما**

كىشىلىك قاراش توغرىسىدا ياشلار بىلەن سۆھبەت ........ ياۋدۇن توختى (4)
مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش زىيانلىق ........ (10)
ئويۇن، مىجەز، ئۇمۇر، ياستۇق ........ (27)
يۇچۇركا ۋە خاراكتېر ........ (40)

**گەپ بىر، قۇلاق ئىككى**

ئارىلىشىش ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ........ (5)

**يىللار ۋە ئادەملەر**

مۇھەببەت ۋە كەسپىي لەززەت ........ (6)
ئېلىمىز كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى شۇجىسى ........ (17)

**ئالدىنقىلاردىن ئۆرنەك**

بىر پارچە سۈرەت ........ (8)
ئىنقىلاب مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ........ (9)

**چۇقان، چۇقان، چۇقان**

بۇ خىل ناچار خاھىشنى توساش كېرەك ........ مۇھەممەد قاسىم (11)

**يىللار ۋە قەلەر**

ھەل قىلغۇچ پەيتتە ........ (12)

**كۆچ ئۆملۈكتە**

ئىتتىپاقلىق غۇنچىسى ........ ئەنۋەر مەتنۇرى (15)

**كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس**

زېھنىي كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرىمەن دېسىڭىز ........ ئا. ئابدۇسالام (16)
بىر كۈندىلىك ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئويلامسىز ........ (23)
باشقىلارغا تەسەللىي بەرگەندە ........ (44)

**ئالىملار ئىشى**

ئىككى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ........ (18)
نيۇتوننىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى ........ (19)

**كۆڭۈل - كۆڭۈلدىن سۆزلىشەر**

مۇبادا سىزنىڭ گۈزەل چىرايىڭىز بولمىسا ........ (20)
تولستوينىڭ سۆيگۈ خېتى ........ (36)

**يول سورىغان يولدىن ئازماس**

مەرىپەت تارقىتىشىم راستىنلا يوققا چىقامدۇ؟ ........ مۇختار (21)
بىز توي قىلساق بولامدۇ؟ ........ شاۋكەت (22)

**دۇنياغا نەزەر**

يەر شارى ھەققىدىكى بىر - بىرىگە قارمۇ - قارشى گەپلەر ........ (24)

**كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس**

كەلگۈسىدىكى يولۇچىلار ئايروپىلانى ........ (26)



مۇقاۋىسىدا:
تەبەسسۇم
فەن جياجەن فوتوسى

## مۇندەرىجە

باش مۇھەررىر:
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ۋاڭ جيالۇن، شى داۋمىڭ
مۇدىر مۇھەررىر:
ساۋۇت سالاھىددىن
مۇئاۋىن مۇدىر مۇھەررىر:
مامۇت ئەھمەد
نۆۋەتچى مۇھەررىر:
ئاۋۇت ساۋۇت
رەسسام ۋە خەتتات:
ئىسمايىل ئىبراھىم
ئابلىمىت ئابلىز

| | |
|---|---|
| 2009- يىللاردىكى ئائىلىلەر | (47) |
| **مۆجىزاتلار دۇنياسى** | |
| ھالاكەتلىك «سارالڭ خوتۇن» غەزىنىسى | (28) |
| ئىزىنىغاۋىرۇۋە تاشقى پلانېتتىن كەلگەنلەر | (55) |
| **ياشلار كۇلۇبى** | |
| سائەت 12 دىن 12 مىنۇت ئۆتكەندە | (29) |
| **شېئرىيەت گۈلزارى** | |
| قەلبىم كۈلىدۇ ............ (شېئىر) ............ ھۆسەنجان ئۆمەر | (30) |
| ئوخشايدۇ ............ (شېئىر) ............ ئالاۋىدىن ئابدۇرېشىت | (30) |
| ئۇستاز ............ (شېئىر) ............ ئەلاھامجان ئابلىز | (30) |
| سېغىنىش ............ (شېئىر) ............ ئەنىسا سايىم | (30) |
| **خەتتاتلار كۆرىكى** | |
| ھۆسنىخەتلەر (توققۇز پارچە) ............ ئابلىكىم ئەمەت | (32) |
| **ساغلاملار ئەندەشاپ ئەقىل** | |
| خاراكتېر ۋە ئۆمۈر | (33) |
| **مەدەنىي مايات** | |
| شىجائەتلىك ياش مۇخبىر ............ ئاۋۇت ساۋۇت | (34) |
| **تاغدىن - باغدىن** | |
| ئاجايىپ بېلىق | (38) |
| پىنگۋىن مۇزىكا ئەترىتى | (39) |
| سېرلىق ئايروپىلان | (39) |
| **ياخشى ئادەم يېنىمىزدا** | |
| كويۇمچان باغۋەن ............ ھاجى ھېمىت | (42) |
| **ئالەمدىن ئۇچۇر** | |
| مارس ھەققىدە يېڭى بايقاش | (43) |
| **غىدىق، غىدىق، غىدىق** | |
| ھېلىمۇ ئېچىدۇ ............ ماخمۇت مۇھەممەد | (45) |
| **يىراق ۋادىسىدىن سۆز** | |
| تارىختىكى ئاقىۋ ۋە ئۇنىڭ ناملىرى ............ يۈسۈپجان ئەلى | (48) |
| **بىلىم - ئەقىل چىرىغى** | |
| نېمە ئۈچۈن 61 سېكۇنت بولىدۇ | (50) |
| بالىلار پەسىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشى | (51) |
| **ياشلار مۇنبىرى** | |
| ياخشى ئىلىپ بېرىلغان پائالىيەت ............ مۇھەممەد ئوسمان | (53) |
| ياخشى باشقۇرۇلغان خىراجەت پۇلى ............ قاسىمجان ياسىن | (53) |
| **تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن مەسلىھەت** | |
| مۇزىكا ئەر - خوتۇنلارنى | (57) |
| ئۇسسىغاندا | (57) |
| **ياشلار ئەدەبىياتى** | |
| ئەپۇ قىلالىسەڭمۇ ............ (ھېكايە) ............ لەتىپ رازىق | (58) |
| **تىكەن، تىكەن، تىكەن** | |
| ھەجۋىي رەسىملەر | (62) |




مۇقاۋىدىكى رەسىمدە:
كۆكتوللۇك ساياھەت
تىيەنچى فوتوسى

## مۇندەرىجە


سىياسىي، نەزەرىيە ۋى، پەننىي، ئەدەبىي ئايلىق ژۇرنال

ھەر ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

قەرەللىك ژۇرناللار تىزىملىكى نومۇرى (310)

باھاسى: 0.25 يۈەن

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

# ياش زىيالىيلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئۈنۈملۈك يول

(«جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ باش ماقالىسى)

مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت قۇرۇلۇش لاگېرى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغالدى.

دەۋرىمىزدىكى ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبى غايەت زور ئىشتىراك قىلىش قىزغىنلىقى بىلەن تولغان، ئۇلار تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىپ، ئىسلاھاتقا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا تەشنا. بۇ بىر خىل قىممەتلىك قىزغىنلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىن- كۆڭلىگە ئېشىۋاتقان بۇ خىل ئىشتىراك قىلىش ئارزۇسىنى قانداق قانائەتلەندۈرۈش كېرەك. بۇ ئارزۇنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپ پەقەت مەكتەپ دەرۋازىسىنى چوڭ ئېچىۋېتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ مول تۇرمۇشقا يۈزلەندۈرگەندىلا ئۇلارنىڭ ئىشتىراك قىلىش قىزغىنلىقىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇر چاقنايدۇ، يېقىنقى بىر قانچە يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەمەلىيەت جەريانىدىلا كەڭ ئوقۇغۇچىلار ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈختا قەدەم بىلەن قايىنام- تاشقىنلىق ئىسلاھاتقا ئاتلىنىپ، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدۇ. كونا ئازاد رايونى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى، چېگرا رايونى ۋە نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ئەقىل كۆرسىتەلەيدۇ. ئىسلاھات سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراسىتىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇش ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالدى. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇلار پارتىيىنىڭ ئىسلاھات سىياسىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردە ئەپكەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ھەمدە ئىسلاھاتنىڭ مۇشكۈل- مۇرەككەپ بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئىسلاھاتنى بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىدۇ. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلەرگە بولغان ئېھتىياجىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا تىرىشىپ، ئۆزىنى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىختىساسلىق خادىملاردىن قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ ۋە ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق نەزەرىيە ۋە ئاساسىي بىلىملەرگە بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە دەرسخانىدا ئۆگەنمىگەن نۇرغۇن بىلىملەرگىمۇ ئىگە بولىدۇ، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپ ۋە ئۆستۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتەك ياخشى ئىستىلنى تۇرغۇزىدۇ. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى ئېيتتىكى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ياش زىيالىيلار ئۈچۈن ياخشى شەرت- شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇ ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.

## ئاممىنى ئويلىغان ياش



يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا بەشكەپە كەنت 2 - مەھەللىدىكى ئىتتىپاق ئەزاسى روزى سېيىت پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىدىن ئىلھاملىنىپ، ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، جاپالىق ئىشلەپ تېزدىن بېيىغان ياشلارنىڭ بىرى.

روزى سېيىت ئۆز كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ ئۇن تارتىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1985 - يىلى 5 - ئايدا بىر ئۇن زاۋۇتى قۇرغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىدىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان بەش نەپەر ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارغا 60 يۈەندىن ئىش ھەققى تۆلەپ بېرىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورناتتى. ئۇلار باھادا ئادىل، مۇئامىلىدە قىزغىن بولغاچقا خېرىدارلىرى كۈنسايىن كۆپىيىپ، كىرىمى ھەسسىلەپ ئاشتى.

روزى سېيىت بېيىغاندا ئاممىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۆز كەنتىدىكى ۋە خوشنا كەنتتىكى زورا قادىر، توختى نىياز قاتارلىق 50 دىن ئارتۇق تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ 10 مىڭ جىڭ ئاشلىقىنى ھەقسىز تارتىپ بەرگەندىن باشقا، 800 جىڭ ئاق ئۇننى ھەقسىز ياردەم قىلدى. ھەمدە 15 نەپەر ئائىلىگە مىڭ يۈەن نەق پۇل، 3000 جىڭ ئاق ئۇننى ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ ئۇلارنىڭ تېز بېيىشىغا يار - يۆلەكتە بولدى. (4)

(ت، مۇھەممەد، ھ، ھۈسەيىن)

---

«ياشلىق دەۋر - ئەڭ قىممەتلىك دەۋر، مەن بۇ دەۋرىمدە ۋەتەن، خەلقىم ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە يارىتالىسام زور خۇشاللىق ھېس قىلىمەن» بۇ - قەشقەر شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى مەمەتتۇرسۇن مەمتىلىنىڭ يۈرەك سۆزى.

ئۇ 1977 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغاندىن بۇيان، ئۆز كەسپىنى پىششىق ئىگىلەپ، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سەنئىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى. دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش، تاپشۇرۇقلارنى تەكشۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىنى باھالاش ۋە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە ئىنتايىن ئەستايىدىل بولدى. فىزىكا ئوقۇتۇشىدا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلىككە باشتىن ئاخىر ئەھمىيەت بېرىپ جانلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە بولغان ھەۋىسىنى كۈچەيتتى. نەتىجىدە، ئۇ باشقۇرغان سىنىپ ھەر ئوقۇش مەۋسۈمىدە «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى. ئۆزى 1984 - ۋە 1985 - يىلى ئۇدا ئىككى قېتىم شەھەر بويىچە «مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى» بولۇپ باھالاندى. 1985 - يىلى ۋىلايەت بويىچە باغۋەن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەمدە شۇ يىلى شەرەپ بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. (4)

(ئامىنە ھامىت)



## مەرىپەت بېغىدىكى ياش تۆھپىكار

## ياش كەشپىياتچى



قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇرېشىت ئەمەت 1984 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى باكلاۋېرلىق ئۇنۋان بىلەن پۈتتۈرۈپ، بۇ مەكتەپنىڭ فىزىكا ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىنغان ئىدى. بۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە مەكتەپتە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئىزدىنىش ئارقىلىق بىر يۇرۇش ۋاقىت بەلگىلەش قۇرۇلمىسى، يەتتە دانە مىكروتىپلىق مىكروفون، ئالتە دانە ئېلېكترلىك نومۇر كۆرسەتكۈچ ئەسۋابى، بىر سىگنال مەتبەسى قاتارلىق سايمانلارنى كەشپ قىلىپ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتىنىڭ جانلىنىشىغا ياخشى ئىمكانىيەت ۋە شارائىت يارىتىپ بەردى.

يېزىلاردا توك بېسىمىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كېتىشىدىن ھەر خىل ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىش ھادىسى كۆپ ئۇچرايتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئابدۇرېشىت ئەمەت ناھايىتى تېزلا ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ساقلايدىغان ئەسۋابنى لايىھىلەپ ياساشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ ئامىمىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. (4)

(يۈسۈپ ئەخمەدى)

---

مارالبېشى ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوتتا مەھەللە ئورۇقچىلىق مەيدانى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى زەينىگۈل مەكتەپتىكى كېسەل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىغا بېرىپ داۋالىنىشتا قىيىنىلىشۋاتقانلىقىنى، بېرىش - كېلىش ۋاقتىنىڭ ئىسراپ بولۇپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا دەخلى يېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇن سېستىرالىق قىلغان ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلىشنى ئويلايدۇ - دە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ ۋە پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ ئۆز يېنىدىن پۇل ئاجرىتىپ 35 يۈەن قىممىتىدىكى ھەر خىل دورا ۋە بىر يۇرۇش ئوكۇل سېلىش، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، بۇ يىل 2 - ئايدىن باشلاپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزمىگەن ھالدا داۋالاشنى يولغا قويۇپ، 80 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق كېسەلنى داۋالاپ ساقايتتى. زەينىگۈل بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، سىرتتىكى كېسەللەرنىمۇ خالىسانە داۋالايدۇ. ئايتۇنىخان، ئابدۇرۇسۇل ئاخۇنلار كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، كېچىلىرى ئارام ئالماستىن ئۇلارنىڭ 11 كىلوگرام ئاسما ئوكۇلنى بىخەتەر ماڭغۇزۇپ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. (4)

(ئەيسا سايىم)



## خالىس دوختۇر



# كىشىلىك قارىش توغرىسىدا ياشلار بىلەن سۆھبەت

باۋۇدۇن توختى

ياش دوستلار، ئادەم دۇنيادا نېمىگە تايىنىپ ياشايدۇ؟ ئادەم زادى قانداق ياشاش كېرەك؟ بۇ مەسىلە — كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىكى بىر مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا بىزنىڭ توغرا بىلىۋېلىشىمىز زۆرۈر بولغان تۈپ خاراكتېرلىك بىر مەسىلە.

تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، ئەمگەك بىلەن بىلىم ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىككى ئۇلۇغ ئەنگۈشتەر. ئىنسانىيەت ياراتقان ماددىي مەھسۇلاتلار بىلەن مەنىۋى بايلىقلارنى گويا بالىغا ئوخشاتساق، ئەمگەك بىلەن بىلىم گويا ئۇلارنىڭ ئاتا — ئانىسىدۇر. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئادەملەرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلىمنىڭ تۈپ مەنبەسى ۋە ئاساسىي ئۈرتكىسى بولغان بولسا، بىلىم ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ نۇر چىرىقى بولۇپ كەلگەن. ئىنسانلار دۇنيادا مانا مۇشۇ ئەنگۈشتەرگە تايىنىپ ياشاپ كەلگەن.

جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىدا ئىنسانلارنىڭ بىلىمى ئەسلىدە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي پەيدا بولغان، ئۇلار بىر — بىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ بىللە راۋاجلانغان. كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، سىنىپ ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە پەيدا بولدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەمگەك بىلەن بىلىم ناھايىتى زور دەرىجىدە بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زور قارىمۇ-قارشىلىق پەيدا بولدى. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بارلىق ئىجتىمائىي بىلىمنى ئۆزلىرى تەنھا ئىگىلەپ ئېلىپ، ئۇلىسى ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ۋە ئېزىدىغان قورال سۈپىتىدە پايدىلاندى. جەمئىيەت تارىخىدا بۇنداق ئەھۋال قۇلدارلىق، فېئوداللىق ۋە كاپىتالىستىك جەمئىيەتلەردە بولۇپ، ئازسانىدىكى قۇلدارلار، فېئودال پومېشچىكلار ۋە بۇرژۇئازىيىلەر كۆپ ساندىكى ئەمگەكچان ئاممىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ۋە ئېزىپ، شۇلارنىڭ قان-تەرىگە تايىنىپ ياشىغان.

بىز ھازىر سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ بۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىلىك تۈزۈم تۈپتىن يوقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتمۈش سىنىپىي جەمئىيەتلەردىكى ئەمگەك بىلەن بىلىمنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىمۇ تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىپ، بىر — بىرىنى تولۇقلايدىغان مۇناسىۋەت بارغانسېرى روشەن ئىپادىلەنمەكتە. كىشىلەرنىڭ ياشاشتىكى بىردىن — بىر تايانچى — ئەمگەك بىلەن بىلىم بولماقتا. شۇڭا بىزنىڭ بۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەمگىكى، ئۆز بىلىمىگە تايىنىپ ياشىشى يوللۇق، شەرەپلىك ئىش، باشقىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، باشقىلارنىڭ قان-تەرىگە تايىنىپ ياشىشى يولسىز، ناھايىتى پەسكەش ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىز ۋە باشقا قانۇنلىرىمىز قەتئىي يول قويمايدۇ.

بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما



# ئارىلىشىش ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش

كۈندىلىك تۇرمۇشتا، بەزى ياشلار ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى بىلىدۇ. لېكىن جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەمنىڭ كىشىلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدۇ، شۇنى بىلىش كېرەككى، بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. شەخسىينىڭ مەنپەئەتى ھامان خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قارىماققا ئۆزىمىزگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتى يوقتەك كۆرۈنگەن ئىش خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىش بولسىلا، ئۇنىڭغا ئارىلىشىش مەسئۇلىيىتىمىز بار، ئەگەر بۇ مەسئۇلىيەتنى ھېچكىم ئادا قىلمىسا، ئۇ ھالدا ھەر بىر ئادەمنىڭ مەنپەئەتى مۇقەررەر زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئويلاپ باقايلى، ناۋادا بىر كىشى كوچىدا تەرتىپسىزلىك قىلىپ بىراۋنى بوزەك قىلغان بولسا، سىز ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ ئارىلاشمىسىڭىز، بوزەك قىلغۇچى چوقۇم خۇدىنى بىلەلمەي، ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ يەنە كېلىپ سىزنى بوزەك قىلىشى مۇمكىن. كونىلار: بىر ئادەمگە بولغان ئادىلسىزلىق كۆپچىلىككە بولغان تەھدىتتىن ئىبارەت دەپ ياخشى ئېيتقان. شۇڭا ئاتالمىش «يوقىلاڭ ئىشقا ئارىلاشماسلىق» خەلق ئاممىسىنىڭ جۈملىدىن ئۆزىمىزنىڭ نورمال ھوقۇق مەنپەئەتىمىزنى قوغداش يولىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىزدۇر. خەلققە مەسئۇل بولماي، خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا كۆرمەيدىغان ئادەم، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم دەپ بىلىشى كېرەك! مانا مۇشۇنداق كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنى خەلققە مەسئۇل بولىدىغان، خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئادەم دەپ ھېسابلىغىلى بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمەيدۇ، بۇخىل مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماي دەپ مەسخىرىگە ئۇچرايدىغانلارمۇ، زەربىگە ئۇچرايدىغانلارمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنداق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش بەكمۇ شەرەپلىك. چۈنكى جەمئىيەت بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمىزغا مۇھتاج، خەلق بىزنىڭ شۇنداق قىلىشىمىزنى قوللايدۇ. بىز جاسارىتىمىزنى ئۇرغىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئىككىلەنمەي ئادا قىلىشىمىز كېرەك! (5)

**ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ...**

1 . ئىناقلىق پوزىتسىيىسى بولۇش؛
2 . دەرسخانىدىكى ھەر بىر كىشىگە ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇش؛
3 . سەۋرچان بولۇش؛
4 . قىزىقىش دائىرىسى كەڭ بولۇش؛
5 . كىيىنىشى كۆركەم بولۇش؛
6 . كۆيۈمچان بولۇش؛
7 . ئادىل بولۇش؛
8 . قىزىقچىلىق ھېسسىياتى بولۇش؛
9 . گۈزەل ئەخلاق بولۇش؛
10 . ئەۋرىشىملىكى بولۇش؛
11 . كەڭ قورساق بولۇش؛
12 تەدبىرلىك بولۇش.




بۇ ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە: ئىتالىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى دانتىي توققۇز يېشىدا بىر قېتىم دادىسى بىلەن بىللە دادىسىنىڭ دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەچلىك زىياپەتكە قاتنىشىدۇ. زىياپەتتە ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى نازاكەتلىك، سەبىي بىر قىزغا يىراقتىن كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ قىزنىڭ ئىسمى بېيىيادىلىز ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر، ئەينى ۋاقىتتا، دانتېنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل يېقىملىق سىزىم قاپلىۋالغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېلىقى قىزنى سۆكۈت ئىچىدە ياخشى كۆرۈپ كېلىدۇ، ئۆزىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى پەقەت شېئىرغىلا باغلايدۇ. بەزىدە ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بېيىيادىلىز ئۆتۈش ئېھتىمالى بولغان جايلارغا بېرىپ ئۇنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدا سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ھېلىقى قىز بىلەن قايتا ئۇچرىشىش پۇرسىتى كەلمەيدۇ. ھەش - پەش دېگۈچە توققۇز يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ، گۈزەل ياشلىقى چاقناپ تۇرغان دانتىي بىر كۈنى ۋولونسىيە كوچىسىدىكى بىر كۆۋرۈك ئۈستىدە بېيىيادىلىزنىڭ ئىككى دوستى بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. دانتىي كۆۋرۈك بېشىدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭغا زەڭ قويۇپ قاراپ تۇرىدۇ. كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى ئاقىدۇ. شۇ كۈنى دانتىي ئۆيىگە قايتىش جەريانىدا، خىيالىدا تاتلىق بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە ئاسمان ئىلاھى بىر قولىدا ئۇخلاۋاتقان بىر ساھىبجامالنى قۇچاقلىۋالغان بولۇپ، ئۇ بېيىيادىلىز ئىمىش، يەنە بىر قولىدا كۆيۈۋاتقان يۈرەكنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئۇ دانتېنىڭ يۈرىكى ئىمىش. ئاسمان ئىلاھى ساھىبجامال قىزنى ئاستا ئويغىتىپ، ھېلىقى يۈرەكنى يۇتقۇزۇۋەتكەنمىش، ئاندىن كۆزلىرىدىن قايغۇلۇق ياش ئاققۇزۇپ، بۇ ساھىبجامالنى قۇچاقلىغىنىچە يەنە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنمىش. دانتىي چۈشىدىن ئويغىنىپ كەتكەندىن كېيىن دەرھال بىر پارچە شېئىر يېزىپ، چۈشىدىكى ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەيدۇ. كېيىن ئۇ يەنە ئاشۇ چۈشكە ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ قىزغا بولغان يالقۇنلۇق يۈرىكىگە ئاساسلىنىپ تۈرلۈك نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازىدۇ. 1290- يىلى گۈللەر ئېچىلىۋاتقان چاغدا دانتىي باشتىن - ئاياق كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەن بېيىيادىلىز 24 يېشىدا بەختكە قارشى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. دانتىي بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇغا چۆمۈپ ئۆزىنى يوقىتاي دەپلا قالىدۇ. ئۇ ھەسرەت ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئۇنى چەكسىز ياخشى كۆرىدىغان يالقۇنلۇق قەلبىنى نېمە بىلەن ئىپادە قىلىش ئۈستىدە خىيال سۈرىدۇ. ئۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئاشۇ سۆيگىنىگە بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىنى قايتىدىن رەتلەپ چىقىدۇ. ھەم كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئاتاپ نۇرغۇنلىغان ماتەم شېئىرلىرىنى يېزىپ ئۇنى يېنىدا ساقلايدۇ ھەمدە بىر پارچە نەسىر ئارقىلىق بۇ شېئىرلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ چاتما شېئىر قىلىپ چىقىدۇ. بۇ لىرىكىلىق شېئىر بىلەن نەسىر بىر-

لەشتۈرۈلگەن بىر مۇھەببەت ھېكايىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ساپ مۇھەببەتتىن يۇغۇرۇلغان ئالەمشۇمۇل خۇشبۇي پۇراقتا «يېڭى ھايات» دەپ نام بېرىدۇ.

«يېڭى ھايات» بارلىققا كېلىشى بىلەنلا، كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. كىشىلەر ئۇنى ساپ مۇھەببەتكە ئوقۇلغان مەدھىيە، بېيىادىلىزنى ئاجايىپ ساپ مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ كىشىلەرنى گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلدۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ روھىي گۈزەللىكى ۋە يۈكسەك كۈچ - قۇدرىتىنى چوڭقۇر نامايەن قىلىدىغان ئالەمشۇمۇل خۇشبۇي پۇراق بولۇپ قالىدۇ. بۇ شېئىر كىتابخانلارنى ساپ، يېڭى، ئاجايىپ پاك بىر مۇھەببەت قەسىرىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت گۈزەللىكىگە بولغان روھىنى ۋە ئەخلاقىي كۈچ-قۇدرىتىنى ئۇرغىتىدۇ. ئەنگلىيىلىك رەسسام خولىد مۇشۇ نەسرى شېئىردىكى ۋەقەلىكنى ماتېرىيال قىلىپ تۇرۇپ، «دانتې ۋە بېيىادىلىز» ناملىق ماي بوياق رەسىمنى سىزىپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى ئاجايىپ زور بىر مۇۋەپپەقىيەت سۈپىتىدە دۇنيا رەسىم مۇنبىرىگە تەقدىم قىلىدۇ. قىسقىسى بۇ نەسرى شېئىرنى ئوقۇغان، بۇ ماي بوياق رەسىمنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ، ئۇلارنىڭ بۇنداق پاجىئەلىك، ئەمما تولىمۇ تەسىرلىك پاك مۇھەببىتىدىن قەلبى تىترىمىگىنى، ئازابلانمىغىنى، قاتتىق پەرىشان بولۇپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكمىگىنى يوق.

بۇ خىل پاك، ئىخلاسمەن مۇھەببەت سەۋەبىدىن دانتې ھەرگىزمۇ چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىمايدۇ. قايغۇدىن تولغۇشۇپ كەتمەيدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن زېھنى بىلەن پەلسەپىنى، بىلىمچانلىقنى كۈچلۈك بولغان مۇھىم كىتابلارنى تەتقىق قىلىپ، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەيدۇ. ئۇنى سۈرگۈن قىلغان چاغدا، دۆلەت ۋە مىللەتكە قارىتا يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئىگە بولغان بۇ شائىر، بېيىادىلىزغا بولغان مۇھەببىتىنى، بىر خىل ئىخلاسمەن ئېتىقات، ھەقىقەتكە بولغان بىر خىل ئىنتىلىش بىلەن تېخىمۇ ساپلاشتۇرىدۇ. ئۇزۇن يىللىق سۈرگۈن ھاياتىدا، دانتېغا بۇ گۈزەل، پاك قىزنىڭ روھى ھەمراھ بولۇپ كېلىدۇ، ئۇ پەقەت مۇھەببەتنىڭ سىمۋولىلا بولماستىن، بەلكى ھەقىقەت ۋە ئېتىقاتنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر لەززەت يەنى «مۇقەددەس كۈي» ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بالىغا ئوخشاش ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلايدۇ.

1321- يىلى، جەۋرى- جاپا بىلەن ئۆتكەن سىياسىي بوران - چاپقۇن ئىچىدە «مۇقەددەس كۈي» بارلىققا كېلىدۇ. بۇ داستاننىڭ بارلىققا كېلىشى، فېئوداليزم دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنى سەنئەت خارەكتېرىدە خۇلاسىلەپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ تاڭ نۇرىنى نامايەن قىلىدۇ.

دانتې دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ شائىر، ئىنگېلس: ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىردىن بىر شائىرى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە يېڭى دەۋرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىردىن-بىر شائىرى» دەپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن ئىدى. ئۇ ئىخلاسمەنلىك ۋە ئاجايىپ پاك مۇھەببەتنىڭ خاسىيەتلىك يامغۇرى بىلەن، ئۆز كەسپىدە پارلاق گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ. ئۇ يالقۇنلۇق پاك مۇھەببەتنىڭ جەۋھىرى بىلەن «يېڭى ھايات» ۋە «مۇقەددەس كۈي» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئالەمشۇمۇل خۇشبۇي پۇراقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. (8)

لۇشيەن يىغىنىدىن كېيىن پېڭ دېخۇەي ئۆز مەسىلىسىنىڭ باشقىلارغا چېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىرگە رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇشنى، تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كېلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئابرويى يۇقىرى بولغاچقا ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بىر كۈنى يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ جىيەن قىزى ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ ئۇنى يوقلىغىلى كېلىدۇ. پېڭ دېخۇەي ناھايىتى خۇشال بولىدۇ. ئۇ بالى-

## بىر پارچە سۈرەت

لارنى كۆتۈرۈپ سۈرەتكە چۈشمەكچى بولىدۇ. بىراق تو-ساتتىن ئۇ بىر نەرسىنى ئويلايدۇ - دە، ئاستا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ دەرىزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئاپپاراتقا قەستەن تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۈچ بالا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، ئورۇندۇقنىڭ كەينى تەرىپىدىكى دېرىزە ئەينىكىدە قېرى بىر ئادەمنىڭ شولىسى چۈشكەن بىر پارچە سۈرەت خاتىرە بولۇپ قالىدۇ.

## ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى

يولداش ۋۇ شيۇچۈەن ئۆزىنىڭ ئەسلىمە ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: 1943 - يىلى، يولداش ۋاڭ جياشياڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 22 يىللىقى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالتە يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «ئازادلىق» گېزىتىدە «جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگونىڭ مىللىي ئازادلىق يولى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. يولداش ۋاڭ جياشياڭ ماقالىسىدە «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — ماركسىزم ۋە لېنىنىزمنىڭ جۇڭگودىكى راۋاجىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ھەمدە ئۇ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىدا ئوينىغان رولى ئۈستىدە توختىلىپ، «بۇ نەزەرىيە ھازىرمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلماقتا» دەپ كۆرسەتكەن، ئۇ، «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى»نى قاتمال نەرسە دەپ قارىمىغان. (5)

◁‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐‐▷

تيەنئەنمېن راۋىقى 1966 - يىل 11- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى بىر تۇتاش تەۋرىنىۋاتقان كىتاب دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. قۇلاقنى يارغىدەك «ياشىسۇن» شۇئارى ئاستىدا بىر نەپەر ئىتالىيە مۇخبىرى جۇ دېنى زىيارەت قىلدى.

مۇخبىر: سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا نىسبەتەن تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان كىتاب ماۋ جۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىمۇ؟

جۇدې: ياق، خەت تونۇتقان ئېلىپبە كىتابى.

مۇخبىر: ئۆمرىڭىزدىكى ئەڭ چوڭ پۇشايمىنىڭىز نېمە؟

جۇ دې: ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىم، ئۇ كىشىلىك دۇنيادىن ئايرىلىدىغان ۋاقتىدا، مەن ئۇنىڭغا كارۋىتى يېنىدا تۇرۇپ بىر قاچا ئىسسىق سۇ بېرەلمىگەنلىكىم.

مۇخبىر: قانداق نام قالدۇرۇشنى ئويلاۋاتىسىز؟

جۇدې: پەقەت لاياقەتلىك پېشقەدەم جەڭچىنىڭ ئىزىنى قالدۇرۇش، ئىشتىن كېيىن. كاڭ شېڭ بۇ ئاخباراتنى رەئىس ماۋزېدۇڭغا يەتكۈزىدۇ. رەئىس ماۋزېدۇڭ نەق مەيداندىلا «جۇدې ھەقىقىي سەمىمىي ئادەمنىڭ بىرى» دەيدۇ. (9)

## جۇڭگونىڭ باۋۇلى

## ئىنقىلاب مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش

ئارمىيىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان فالك جىزمىڭ بىلەن مياۋمىڭ توي قىلغان ۋاقىتتا، تويىنى ناھايىتى ئاددىي ئۆتكۈزگەن. پەقەت تامغا يولداش پېڭبېي يازغان تەبرىكلەش خېتى چاپلانغان بولۇپ ئۇنىڭغا: «فالك، مياۋ ئىككى تەرەپ كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ تىرىشىپ تۆۋەن قاتلام خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرۇڭلار» دەپ يېزىلغان. توي كېچىسى ئۇلار مارىن قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلار بىلەن فالك جىزمىڭنىڭ يېزىدا بارغان ۋاقىتتىكى ۋەزىيىتى، خىزمەت ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلغان، تويىدىن كېيىن بىر نەچچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەي فالك جىزمىڭ ئايالى بىلەن خوشلىشىپ جياڭشىغا بېرىپ دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. (9)

◁━━━━━━━━━━━━━━━━━━━━▷

جۇئېنلەي زۇڭلى 1957 - يىلى شەرقىي ياۋروپانى زىيارەت قىلىپ دۆلىتىمىزگە قايتىش سەپىرىدە سوۋېت ھۆكۈمىتى جۇ زۇڭلى شەرىپىگە زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ. زىياپەتتە جۇ زۇڭلى ناھايىتى راۋان ھالدا ئىنگلىزچە قەدەھ سۆزى سۆزلەيدۇ. بۇنى مەيداندىكى دىپلوماتىك ئەمەلدارلار ۋە مۇخبىرلار چۈشىنەلىسىمۇ بىراق ساھىپخانلار زادىلا چۈشىنەلمەيدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى مىكويان ئەپەندى خاپا بولغان قىياپەتتە: جۇ ئەپەندى سىز نېمە ئۈچۈن رۇسچە سۆزلىمەيسىز؟ سىز رۇسچىغا ئۇستا ئەمەسمۇ، دەيدۇ. جۇ زۇڭلى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: ھازىر سىزنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىدىغان ۋاقتىڭىز بولۇپ قالدى، دەيدۇ.

مىكويان: خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش ناھايىتى قىيىن دېگەندە، جۇزۇڭلى: «ھېچقىسى يوق، پەقەت ھەر كۈنى بىزنىڭ كونسۇلخانىمىزغا كېلىشنى خالىسىڭىزلا جەزمەن ئۆگىتىپ قويۇشقا مەسئۇل بولايلى» دەيدۇ. (ھەمدۇل قاسىم تەرجىمىسى)

## بىز ئۆگىتىپ قويۇشقا مەسئۇل بولايلى

يولداش چېن يىنىڭ خىزمىتى 1954- يىلى خۇاڭدۇڭ رايونىدىن جۇڭگىياڭغا يۆتكىلىپ، گوۋۇيۈەنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا يولداش چېن يى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

يولداش چېن يى ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ماڭاشنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىن ئېلىشقا تېگىشلىك ئىدى. ئەمما چېن يى فۇزۇڭلى ھەر-

## رەت قىلىش

بىي ئىشلار كومىتېتىدىن ماڭاش ئېلىشنى رەت قىلدى. چۈنكى ھەربىي قىسىملارنىڭ ماڭاشى يەرلىكتىن ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئەھۋال ئاستىدا پۇلنى كۆپەيتىپ ئېلىشنى خالىماي مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا: «دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىش ئۈچۈن مېنىڭ ماڭاش رەسمىيىتىمنى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدىن، گوۋۇيۈەنگە ئالماشتۇرۇۋېتىڭلار» دەپ تەلەپ قويىدۇ. (5)



# مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش زىيانلىق

ياشلار يىراق كەلگۈسىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. لېكىن، بۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلسە، مۇكەممەللىزمچى بولۇپ قالىدۇ. بۇ زىيانلىق.

مۇكەممەللىزمچىلار ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلايدۇ.

پاكىت ئىسپاتلىدىكى مۇكەممەللىزمچىلار ھە دېسە جىددىيلىشىپ، تەشۋىش ئىچىدە يۈرۈيدۇ. ئۇلار تۇرمۇشتا نامۇۋاپىق مەنتىقىي پوزىتسىيە تۇتىدۇ. ئالايلۇق، نەتىجىسى ئىزچىل ئەلا بولۇپ كەلگەن بىر ئوقۇغۇچى، بىر قېتىملىق ئىمتىھاندا تاسادىپىي ياخشى بولۇپ قالسا، ئاغرىنىدۇ. چۈنكى مۇكەممەل بولغان «ئەلا» لىققا يېتەلمەي نومۇسلۇق ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە «ياخشى» پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئۆتەلمىگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. كىچىككىنە بىر ئوڭۇشسىزلىقمۇ ئۇلارنى بىئارام قىلىدۇ.

يەنە بىر خىل كۆز قاراشتىكىلەر، تۇرمۇشتىكى ئايرىم ئوڭۇشسىزلىقنى يۈز بېرىشكە تېگىشلىك ئەمەستى دەپ قارايدۇ. ئەسلىدە، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىمەي، ئەكسىچە مەن ئەمدى ئىككىنچى خاتاغا يول قويمايمەن، بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قايتا تەكرارلىمايمەن دەپ داۋراڭ سالىدۇ. بۇ خىل ئۆزىنى ئەيىبلەش جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭدا خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ خىل مەغلۇبىيەتلىك ئىدىيىۋى يۈكنى ئارتىۋېلىش—ئۇنى يەنە كونا يولغا دەسسىتىپ، يامانلىق بىلەن ياخشىلىق ئوتتۇرىسىدا جان تالاشتۇرىدۇ.

مۇكەممەللىزمچىلارنىڭ بۇ خىل كېسىلى ئۇلارنىڭ تەنھالىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار دائىم يەككە يىگانە ياشاپ ئەتراپتىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچراشمايدۇ. چۈنكى ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆز كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشىدىن قورقىدۇ. ئۆزىمۇ باشقىلارنىڭكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. بۇ خىل جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى ئۇلار بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نورمالنى ئالاقىنى ئۈزۈپ قويىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇكەممەللىزمچىلارنى چەكسىز يۇقىرى پەللە قوغلاشماسلىققا قايىل قىلىش كېرەك. كەسپكە ئىنتىلىشتە مۇكەممەل پەللىگە يېتىدىغان ئەھۋال ناھايىتى كام ئۇچرايدۇ. بۇ خىل چەكسىز مۇكەممەللىككە بىر ئۆمۈر تىرىشىپ يەتكەندىمۇ يەنە بىر نەچچە قېتىملىق تەكرار مەغلۇبىيەتنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەكسىچە سىز كۆزلىگەن نىشان ئەمەلىيەرەك بولسا، سىزنىڭ روھىي بېسىمىڭىز كۆپ بولمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىشەنچىڭىزمۇ زورىيىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ئۆزىڭىزگە ئىككى ھەپتىلا قاتتىق تەلەپ قويىسىڭىز تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز ھەمدە ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىڭىزغىمۇ دىققەت قىلىدىغان بولىسىز.

شۇڭا نەزىرىڭىزدىكى مۇكەممەللىزمگە گۇمانىي قاراڭ. دۇنيادا زادى قانچە خىل نەرسىنىڭ مۇكەممەل نەرسىلەر ئىكەنلىكىگە قاراپ بېقىڭ، شۇ چاغدا ھەممە نەرسىنىڭ بىر قاراڭغۇ تەرەپپى بولىدىغانلىقىنى بايقايسىز. مۇكەممەل، كەمكۈتسىز نەرسىلەر مەۋجۇت بولمىغانىكەن، ئۇنداقتا، سىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن چىقارغان ئازابلىق بەدەللىرىڭىزمۇ ئەرزىمەيدۇ. (5)

بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما



# بۇ خىل ناچار خاھىشنى توسۇش كېرەك

مۇھەممەد قاسىم

پەرزەنتلەرگە ئادەم چاقىرىپ ئىسىم قويۇش، بوۋىغا يەتكەن پەرزەنتلىرى ئۈچۈن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدا قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل ئادەت. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ مىللىي ئۆرۈپ - ئادەت مەسىلىسىدە غەلىتە ئەھۋاللار باش كۆتۈرۈپ قالدى. بولۇپمۇ توي ۋە ئات توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈشتە پارتىيە سىياسىتىگە، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا يات قىلمىشلار مەۋجۇت. مەن يېقىندا بىر قېتىملىق ئات توي مەرىكىسىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، مۇنداق بىر قىزىق ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم: دەستىخان سېلىنىپ غىزا قويۇلۇش بىلەن تەڭ مەرىكىگە ئىككى نەپەر ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا تۆت پەتنۇستا تىزىلغان ھەر خىل رەخت ۋە كىيىملەرنى كۆتۈرۈپ كىردى - دە، بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ۋە ئاخىرىدا ھەممىسى يىگىت تەرەپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ھەيران بولغىنىمدىن دەرھال: — «شۇنچە كۆپ رەخت ۋە كىيىملەرنى كىچىككىنە بوۋاق كىيىپ تۈگىتەلەرمۇ؟» دەۋەتتىم. يىگىت تەرەپ سوغا قىلغان نەرسىلەرنى مېھمان باشلانغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەكىرىپ بىر-بىرلەپ كۆرسىتىدىغان بۇ خىل ئەھۋال باشقىلارغىمۇ پەۋقۇلئاددە بىر «يېڭىلىق» بولۇپ تۇيۇلغان بولسىمۇ لېكىن ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن، — ئەندى بۇ ئىش پەيدا بوپتۇ - دە» دېگەندىن باشقا سۆز ئېچىشقا پېتىنالمىدى. كېيىن تەپسىلىي ئۇقسام بۇ يىگىت تەرەپتىن بوۋاق ئۈچۈن ئەمەس بەلكى بوۋاقنىڭ ئانىسىغا قويۇلغان نەرسىلەر بولۇپ، قىزنىڭ كۈيئوغۇل ئالدىدىكى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى ئىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان بوۋاق ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم مەرىكە ئۆتكۈزۈپ سوغا قوبۇل قىلىدىغان ئەھۋالنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىمۇ كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايدۇ.

نۆۋەتتە، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاش مەسىلىسى ئۇقتىملىق تەكىتلىنىۋاتقان ۋاقىتتا يۇقىرىدىكىدەك ناتوغرا قائىدە-يوسۇنلارنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە پەيدىنپەي ئەۋج ئېلىپ كېتىشى، خەلقنى بېيىتىپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش شۇنداقلا «تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشكە نىسبەتەن بىر پۈتلىكاشاڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى 7 - بەش يىللىق پىلاننىڭ غەلىبىلىك ئورۇنلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان چوڭ توسالغۇدىنلا ئىبارەت.

بىز مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، توي - تۆكۈن ئىشلىرىدىكى نامۇۋاپىق قائىدىلەرنى دادىللىق بىلەن بىكار قىلىپ ئىسراپچىلىققا خاتىمە بېرىشىمىز لازىمكى، ھەرگىز مىللىي ئۆرۈپ - ئادىتىمىزنى باي بولۇشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرىدىغان ئۇسال ئادەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقىمىز لازىم. (5)

## چوقان



(بېشى ئالدىنقى ساندا)

تېلېفون قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ ئۇزۇۋنغا سوزۇلغان جىمجىتلىقنى بۇزدى.

ۋالىدىڭشىڭ تېلېفوننى ئېلىپ، بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىنىڭ ئىسىم ۋامىلىسىنى ئېيتتى. لېكىن قارشى تەرەپكە بىر نەرسە دېمەيلا يېڭجيەنىڭغا قاراپ، تۆۋەن ئاۋازدا:

سىزنى ئىزدەيدىغان تېلېفون ئىكەن، دېگىنىز ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى سۈجىنخۇا سىزگە جىددىي بىر ئەھۋالنى دوكلاد قىلماقچى ئىكەن، — دېدى.

يېڭجيەنىڭ مارشال تېلېفوننى ئالدى. تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن سۈجىنخۇانىڭ ھاياجانلانغان ھالدا:

— يېڭجيەنىڭ مارشال ئۇلار ھەرىكەتكە كەلدى! دېگىنى ئاڭلاندى.

— كىم ھەرىكەتكە كەلدى؟ — يېڭجيەنىڭ ئېنىق ئاڭلىيالماي يەنە سورىدى.

— شاڭخەي گۇرۇھى! ھېلىراقتا شەرقىي دېڭىز پىلوتىنىڭ دوكلاتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، جياڭنەن كېمەسازلىق زاۋۇتى ئىككى دانە توپ پاراخوتنى ئۆزگەرتىپ ياساپ چىقىپتۇ. شاڭخەي مىنبەگلىرى دېڭىز پىلوتى ئورگىنىنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئاكوپ ياساپتۇ. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۇلار ۋالىخۇڭۋېننىڭ بۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ۋۇسۇڭكوۋ زەمبىرەك پەشتىقىنى ئۆتكۈزۈۋاپتۇ.

— ئۇلارنى قوغلىۋەتسۇن! دېڭىز پىلوتى 1 - دەرىجىلىك ئۇرۇش تەييارلىقى ھالىتىدە تۇرسۇن! يېڭجيەنىڭ بۇيرۇقنى ۋارقىراپ دېگۈدەكلا بەردى.

بەش نەپەر سىياسىي بيۇرو ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرىسى ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشتى. ئۇلار جۇشىنىڭ ئابرويىنى قوغداشنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، ئاقكۆڭۈللۈك تۈپەيلىدىن خېلىغىچە بىر قارارغا كېلەلمىدى. بىراق بۇ چاغدا جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەر تەقەززالىق بىلەن ئۇلارغا قارىتا «ھەرىكەتكە كەلدى».

— بۇ ئادەملەرنىڭ باغرى قاتتىق رەھىمسىز، ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدۇ. دەرھال قەتئىي بىر قارارغا كېلىش كېرەك! — دەپ ئەسلىتىپ ئۆتتى لىشيەننيەن.

«تۇتۇش كېرەك!» يې مارشالنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇر كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى.

— باشقىلارنىڭ ئەدۇۋىمىزنى بېرىشنى كۈتكەندىن كۆرە، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئېلىشىش

## يىللار ۋە ۋەقەلەر

كېرەك. مەن شۇنى تەكلىپ قىلىمەن ...

10 – ئاينىڭ 6 – كۈنى جۈمجىتلىققا چۆمگەن ئىللىق كېچە. بېيجىڭ كارىنىزونى ۋە مەركىزىي قوغداش پولكى بىرلا ۋاقىتتا ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يې جيەنيىڭ مارشالنىڭ تۆۋەندىكى بۇيرۇقلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى:

مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇڭۋېننى دەرھال قولغا ئېلىڭلار. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇرو ھەيئەتلىرى جاڭ چۈنچياۋ، جياڭ چىڭ، ياۋ ۋېنيۈەنلەرنى دەرھال قولغا ئېلىڭلار.

جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنى دەرھال ئىدارە قىلىڭلار. شىنخۇا ئاگېنتلىقى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە دىياۋيۈيتەيىنىڭ مەلۇم بىناسى (لياڭشياۋ يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى تۇرۇۋاتقان ئورۇن)نى دەرھال ئىدارە قىلىڭلار.

مەركىزىي قوغداش پولكىدىكى جاۋ يىڭجاڭ ۋاڭ دۇڭشىڭنىڭ بۇ بۇيرۇقلارنى يەتكۈزۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن كازارمىغا شۇئان قايتىپ كېلىپ «جىددىي يىغىلىش» قىلدى.

10 – ئاينىڭ 7 – كۈنى تاڭغا يېقىن سائەت ئىككى ئەتراپىدا تۈن قاراڭغۇسىدا ئون نەچچە ماشىنا كازارما دەرۋازىسىدىن چىقتى. جاۋ يىڭجاڭ قوراللىنىپ قوماندانلىق ماشىنىسىدا ئولتۇرغان، تروپكىنى قۇلىقىغا تاقىۋالغان ئىدى، سىمسىز تېلېگرافنىڭ ئانتېناسى ماشىنىنىڭ شامال توساش ئەينىكىنىڭ سىرتىغا چىقىرىلغان بولۇپ، سىلكىنىپ تۇراتتى. 10 مىنۇتتىن كېيىن ماشىنىلار جۇڭنەنخەينىڭ شىمالىي ئىشىكىدىن كىردى. قىسىم ئۈچ كىچىك ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، تېزلىكتە ئوخشاشمىغان ئۈچ نىشانغا — جياڭ چىڭ، جاڭ چۈنچياۋنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ۋە خۇەيرېنتاڭغا قاراپ ئاتلاندى.

خۇەيرېنتاڭدا، ياۋ ۋېنيۈەن دەل ۋاقتىدا يىغىنغا كەلدى، ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ، خۇەيرېنتاڭنىڭ ئەتراپىدا تولۇق قوراللانغان ئۇرغۇن ھەربىيلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، خىزمەتچى ئۇنى بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى ... ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ناتونۇش ھەربىي ئولتۇراتتى. ياۋ ۋېنيۈەن ئەجەبلىنىپ تۇرغان چاغدا كەينىدىن ئىشىك يېپىلدى. ھەربىي كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ياۋ ۋېنيۈەنگە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئايرىپ تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ياۋ ۋېنيۈەن تەمتىرەپ، جىددىيلىشىپ بىر ئېغىز گەپمۇ قىلالمىدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ ئالدىراپ – سالدىراپ.

— «مەن لۇشيەن خاتالىقى ئۆتكۈزدۈم، ياخشى تەكشۈرۈشۈم كېرەك» دېدى.

ۋاڭ خۇڭۋېن خۇەيرېنتاڭغا كەلگەن چاغدا، ئالدىن بەلگىلەنگەن يىغىن ۋاقتى «ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى». ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپلا تېزلىكتە يىغىن زالىغا قاراپ ماڭدى. بىر ھەربىي يىغىن زالىنىڭ ئىشىكىدە ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى.

— «سەن كېچىكىپ قالدىڭ، دەل ۋاقتىدا كەلسەڭ توغرا بولاتتى».

ۋاڭ خۇڭۋېن ئۆزىگە تەنبىھ بېرىشكە پېتىنغان ھەربىيگە قاراپ ئۆزىنى باسالماي، ئىشىكنى ئاچ، تارىخ بىزنىڭ ئۇنىڭلىك كېچىككىنىمىزنى كەچۈرىدۇ، تارىخ ھامان غالىبلارنى كەچۈرىدۇ، دەپ چاقچاق قىلدى.

ۋاڭ خۇڭۋېن ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ھەربىيگە قاراپ ئۆز ھەيۋىسى بىلەن ئۇنى يەنە كەينىگە چۈشۈرمەكچى بولغانىدى. بىر پارچە قولغا ئېلىش قەغىزى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلدى.

ۋاڭ خۇڭۋېن ھەيران بولغان بولسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن مۇھاپىزەتچىگە ۋارقىراپ، بىر تەرەپتىن قاچماقچى بولدى. بىراق ئۇ شۇئان قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ھەسرەپ – ھۆمۈدەپ، تىترىگەن ھالدا:

قولۇمغا كويزا سالمىساڭلار، مەن ماڭاي، ماڭاي ... دېدى.

جاڭ چۈنچياۋ تېخى ئۇخلىمىغان بولۇپ، قالپاقلىق ئۈستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا كۈندىلىك

خاتىرە يېزىۋاتاتتى. كارىۋۇردىكى جىددىي ئاياق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ ئايلانما ئورۇندۇقنى ئىتتىرىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، چىرايىنى تۇرۇپ ئۆيگە كىرگەن جەڭچىلەرگە تىكىلدى، ئىككى جەڭچى يېنىغا كېلىپ ئىككى قولىنى تۇتقاندا ئۇ جان تالاشقان هالدا تەھدىت سېلىپ:

ــ سىلەر بەك غالجىرلىشىپ كەتمەڭلەر، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى سىلەردىن ھېساباتالىدۇ! دېدى. جاڭچۇنچياۋ ئۆيدىن چىقىپ ماشىنىغا ئولتۇردى دېگەندىن كۆرە، يۆت قولىدا جان قالماي ئورۇندۇققا يىقىلدى دېگەن تۈزۈك بولار.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بىر كىچىك ئەترەت جاۋ يېڭجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىجرا قىلىش قىيىن دەپ قىياس قىلىنغان ۋەزىپە جياڭچىڭنى قولغا ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتاتتى. جياڭچىڭنىڭ تۇرار ئورنى ئادەتتە قاتتىق ساقلىناتتى. جاۋ يېڭجاڭ ئاۋۋال جياڭچىڭنىڭ ئىچكى مۇھاپىزەتچىسى جۇۋجىنمىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىنى يەتكۈزدى.

ــ بولىدۇ، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىمىز! دەپ جۇجىنمىڭ ھېچقانداق ئارىسالدىلىق قىلماي جاۋاب بەردى. تۇرالغۇ جاينىڭ ئىچكى قاراۋۇلىنى بۇيرۇق قىلىپ چېكىندۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، جاۋ يېڭجاڭنى باشلاپ تاشقىرى ئۆيگە كىرىپ ئىچكىرىكى ياتاق ئۆيىدىكى جياڭچىڭنى چاقىردى.

بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن جياڭچىڭ غەزەپكە كەلگەن هالدا چىقىپ كۆرۈشۈش بىلەنلا نارازى بولۇپ:

ــ قانداق زۆرۈر ئىشكەن، مەن تۇرمىسام بولمايدىغان! دېدى.

جاۋ يېڭجاڭ مەركەزنىڭ ئۇنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى خەتمۇ خەت ئوقۇپ جاكالاپ ئۆتتى.

جياڭچىڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر پەس ساراسىمگە چۈشۈپ، بىردىنلا باشقا بىر قىياپەتكە كىردى ھەم يىغلاپ ھەم غەۋغا كۆتۈرۈپ، فرانسىيە پوسۇنىدىكى ساپاغا ئۆزىنى تاشلاپ ماڭماي يېتىۋېلىپ:

ــ بۇ سۈيىقەست، دۈشمەننىڭ جەسىدى تېخى سوۋۇماي تۇرۇپلا، سىلەر ماڭا زەھەرلىك قول سالدىڭلار .. ــ جياڭچىڭ قارشى تەرەپ (ئۆزىنىڭ ئىچكى مۇھاپىزەتچىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)نىڭ ئۆزىگە سوغۇق قاراپ، ھېچكىمنىڭ ئۆزى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ــ دە، كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، قولىنى ئارقىغا قىلىپ، بېشىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ:

ــ ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭلار، يالىڭاياق سۇدىن قورقماپتۇ دېگەندەك مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن! ــ دېدى.

10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، قۇياش پارلاپ چىقتى. سۈزۈك ھاۋا بوشلۇقىدا قۇياش زەررەت نۇرلىرىنى تېپ ـ تىنچ شەھەرنىڭ ئۈستىگە چاچتى. ئۇ كۈنى سەھەردە، جياڭچىڭ گۈزەتچىگە ۋارقىراپ:

سىلەر يېڭجيەنيىڭغا ئېيتىپ قويۇڭلار، بەك بالدۇر خۇشال بولۇپ كەتمىسۇن، ئۇ مېنى ئۈچ كۈن قويۇپ بېرىشكە جۈرئەت قىلمىدىكەن. بۈگۈنكى كۈنىنى تەتۈرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن!ــدېدى.

«ۋاي تەڭرىم!» يېجيەنيىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي كۈلۈۋېتىپ:

جياڭچىڭغا ئېيتىپ قويۇڭلار، مۇبادا مەن ئۇنى 30 مىنۇت قويۇپ بېرىدىغان بولسام پۇقرالار ئۇنى ئۇرۇپ بىر دۆۋە گۆشكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ!» دېدى.

تۇيغۇن تەرجىمىسى




ئەنۋەر مەتنۇرى

ئەگەر سىز، كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە كىرسىڭىز 18 ياشلار چامىسىدىكى بىر خەنزۇ ياشنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى خۇددى ئۇيغۇرلاردەك راۋان سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز قۇلىقىڭىزغا ئىشەنمەي قالىسىز، مانا بۇ ياش تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى ۋېن جيەنخې.

ۋېن جيەنخې تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 1985 - يىلى 1 - ئايدا ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ئىدى. خىزمەتكە ئورۇنلاشقان كۈندىن بۇيان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىپ، «ئىككىدە ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يولداش ۋېن جيەنخې ئازغان ياشلارغا يول كۆرسەتكۈچى، بىلىم تەشنالىرىغا ئۇستاز بولۇپ كەلدى. دوستى ئالىمجان ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يامان يولغا مېڭىپ كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ كەلگەن ئىدى. ئۇ، ئالىمجان بىلەن سىردىشىپ، ئۇنىڭ پەقەت تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئەنە شۇنداق يامان يولنى تاللىغانلىقىنى بىلدى - دە، ئالىمجانغا داۋاملىق ياخشى ئادەم بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بەرگەندىن باشقا ئۇنىڭغا توخۇ بېقىش تېخنىكىسى، سۈپۈرگە توقۇش ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. قىزغىنلىقى بار ئالتە نەپەر مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىگە ئىزچىل ياردەملەشتى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بىر - بىرلەپ بېرىشقا توغرا كەلگەندە، ئاۋارىچىلىق ھېس قىلمىدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوبۇلقاسىم ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى 1000 دىن ئارتۇق خەت ئۆگىنىپ خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان گېزىت - ژۇرناللاردىن پايدىلىنالايدىغان بولدى.

ئاجىزلارنىڭ ياردەمچىسى، باققۇچىسى يوقلارنىڭ غەمگۈزارى ۋېن جيەنخې ئۇيغۇر قوشنا - قولۇملىرىنى ئويلاپ، تاھازىرغىچە ھەر ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ نۆۋەت يېزىغا چىقىپ يوقلاپ تۇرماقتا. ھەر قېتىم چىققىنىدا ياشىنىپ قالغان موماي‌لارغا بازاردىن تاتلىق يېمەكلىكلەرنى ئالغاچ كەلدى. ئەمگەك كۈچىدىن قېپ قالغان قۇۋانخان، سىپىرخان قاتارلىق بەش نەپەر ئايالنىڭ 480 قېتىمدىن ئارتۇق سۈيىنى ئەكىلىپ، 180 قېتىمدىن ئارتۇق ئوتۇنىنى يېرىپ بەردى.

ئۇ يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ تەشۋىقاتچىسىغا ئايلاندى. خەنزۇ دوستلىرىغا دائىم «ئىككىدە ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلاردا ساقلانغان چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسىنى تۈزىتىشكە ياردەم بەردى. گەرچە ئۇ كىچىك بولسىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى نەمۇنىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن كېرىيە دىيارىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان غۇنچە بولۇپ كىشىلەرنىڭ ئېغىز - ئېغىزىغا تەگمەي ماختىشىغا سازاۋەر بولماقتا.

يېقىندا ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. (4)

## كۈچ ئۆملۈكتە



# زېھنىي كۈچىڭىزنى مەركەزلەشتۈرمەن دېسىڭىز

ئا. ئابدۇسالام

پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشنى ئاڭسىزلارچە زېھىن مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئاڭلىق ھالدا زېھىن مەركەزلەشتۈرۈش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدىكەن. ھازىرقى زامان پەن تەتقىقاتىدىن قارىغاندا ئادەم مېڭىسى بىلەن ئاڭلىق ھالدا زېھىن مەركەزلەشتۈرۈش زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، چۈنكى ئۇ پائال تۈردە ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارنى توپلاپ ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاساسلىق قوزغاتقاندىن باشقا يەنە ئېھتىياجلىق بولمىغان قوزغاتقۇچىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان زېھنىنى مەسئۇل بولۇپ بېسىۋالىدىكەن، ئادەم كۆڭلىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنى كونترول قىلىدىكەن.

ماڭلاي بۆلىكىنىڭ كەم بولۇپ قېلىشى قوزغاش خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشى زېھنىنى ئىشلەۋاتقان ۋەزىپىگە مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويىدىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئالدى بىلەن زېھنىي كۈچىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنى تۈگىتىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا زېھنىي كۈچى بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟

پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە ئالدى بىلەن، يۇكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىش كېرەك ئىكەن. پەقەت خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە نىسبەتەن كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بۇرچۇم دېگەن ھېسقا كەلگەن چاغدىلا بۇ جەريانىدىكى ھەر خىل توسالغۇلارنى غەيرەت بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ زېھنىي كۈچىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، كۆڭۈل بۆلۈنۈپ كېتىشتەك ھادىسىلەر بىلەن كۆرۈشۈش كېرەك. ئەتراپتىكى مۇھىت قالايمىقان بولۇپ سىزنىڭ ئېھتىيات بىلەن ئۆگىنىشىڭىزگە تەسىر يەتكۈزسە غەيرەت قىلىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇڭ. خىزمەت، ئۆگىنىش ۋەزىپىڭىز ئېغىر بولسا، كىتاب ئاختۇرۇڭ ياكى باشقا بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىڭ. بىر ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن شۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ شۇ ئىشنىڭ ئېغىر ۋە يېنىكلىك دەرىجىسى ئالدىراش ۋە ئالدىراش ئەمەسلىكىنى تەدرىجىي ھەل قىلىڭ.

ئۈچىنچىدىن، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ رېئاللىقىڭىزنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان ئىشنى قىلىڭ، چۈنكى بىر ئادەمدە خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە قىزىقىش بولغاندىلا ئاندىن زېھنىي كۈچنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرگىلى ھەمدە بۇنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. بىر قىسىم ياشلارنىڭ ئېيتىقىنىدەك بىردەم چەت ئەلدە ئوقۇپ دوكتۇر بولۇشنى، ئالىم بولۇشنى ئويلىسا، بىردەم ئىنژېنېر بولۇشنى، زاۋۇت باشلىقى بولۇشنى، كارخانا باشقۇرغۇچى بولۇشنى ئويلىسا، بىر دەم سىياسەتچى بولۇشنى، كۆرەش قەھرىمانى بولۇشنى خىيال قىلسا پەقەت زېھنىي كۈچىنى چېچىۋەتكەندىن باشقا، تەبىئىي ھالدا باشقا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.



# ئىلمىز ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى شۇجىسى



م. توختى

ئىلىمىز ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى شۇجىسى يۈشيۇسۇڭنى نۇرغۇن ياشلار بىلمىسە كېرەك. ئۇزۇندىن بۇيان ئۇ «ئىرۇتىسكىچى» دەپ گۇمان قىلىنىپ كەلگەچكە، ياشلار ئىتتىپاقى تارىخىدا ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىلاقويۇلدى. ئۇ بىر مەھەل كىشىلەر تەرىپىدىن ئاساسەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن پارتىيىمىز ۋە ئىتتىپاق تەشكىلاتى تارىخىدىكى بىر مۇھىم شەخس.

يۈشيۇسۇڭ 1899- يىلى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇجى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خاڭجۇ ئۆلكىلىك 1 - دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 1919 - يىلى «4 - ماي» ھەرىكىتى پارتلىغاندا، خاڭجۇدا بۇ ھەرىكەتكە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان ھەمدە جېجياڭ رايونىدىكى ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان، ئۇ شى سۇنتۇڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە «شۇاڭشى» (قوش ئۆكتەبىر) ھەپتىلىك ژۇرنىلى (كېيىن «جېجياڭ دولقۇنلىرى» گە ئۆزگەرتىلگەن) نى چىقىرىپ، ئىنقىلاب داۋالىلىرىنى تەشۋىق قىلغان. ئىككىنچى يىلى 3 - ئايدا ئۇ شاڭخەيگە كېلىپ «ھەپتىلىك ئوبزور» دا ئىشلىگەن. شۇ يىلى 8 - ئايدا شاڭخەيدە جۇڭگودىكى تۇنجى كوممۇنىستىك گۇرۇپپا قۇرۇلغاندا ئۇنىڭغا قاتناشقان بولۇپ ئۇ يېشى ئەڭ كىچىك ئەزا ئىدى.

يۈشيۇسۇڭ ياش بولغاچقا، چېن دۇشيۇ قاتارلىق كىشىلەر ئۇنى دەرھال شاڭخەيدە تۇنجى سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنى قۇرۇشقا بەلگىلىگەن. 1922 - يىلى 8-ئاينىڭ 22-كۈنى يۈشيۇسۇڭ باشقا يەتتە نەپەر ياش بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى — (شاڭخەي) سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنى قۇرغان. يۈشيۇسۇڭ ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋاقىتلىق شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. 1922 - يىلى ئەتىيازدا خاڭجۇدا خاڭجۇ سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنى بەرپا قىلغان ھەم ئۇنىڭ شۇجىسى بولغان. شۇ يىلى 5 - ئايدا ئۇ جاڭ چيۇرىن بىلەن بىرگە شاڭخەي ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە گۇاڭجۇدا ئېچىلغان جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. يىغىندا يۈشيۇسۇڭ مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلىنىپ، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتىدا كۈندىلىك ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە فۇجۇ، چۈەنجۇ ۋە گۇاڭجۇغا بېرىپ سۈن جۇڭشەنگە ياردەملىشىپ ئارمىيە خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1925 - يىلى 10 - ئايدىن 1933 - يىلغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى موسكۋا جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى لېنىن ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ھەمدە ئوقۇتقۇچى بولغان.

1935 - يىلى يۈشيۇسۇڭ شىنجاڭغا ئىلمىتارىست شىڭشىسەيگە بىرلىشىپ خىزمەتنى ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مەزگىلىدە ۋاڭمىڭغا قارشى كۈرەش قىلغانلىقتىن، ۋاڭمىڭ، كاڭشېڭ قاتارلىقلار بىرلىشىپ ئۇنى «ئىرۇتىسكىچى» دەپ قارىلىغان ھەمدە شېڭشىسەي ئارقىلىق ئۇنى قولغا ئالدۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يالاپ ئاپىرىپ قامىغان. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈرمىسىدە 39 يېشىدا ۋاپات بولغان.

(ئىبلى توختى تەرجىمىسى)

## ئىككى دۆلەتنىڭ ئارمىيىسىنىڭ...

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يۈرۈش مارشى بىلەن چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسىنىڭ يۈرۈش مارشىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاغلىق كومپوزىتورى جېڭ لۈيچېڭ ئىجاد قىلغان.

جېڭ لۈيچېڭ 1918 - يىلى، چاۋشيەننىڭ جەنۇبىي يولىدىكى بىر كەمبەغەل ئىنقىلابىي ئائىلىدە تۇغۇلغان، كېيىن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەن. يەنئەندە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، ئۇ ياپونغا قارشى ھەربىي سىياسىي داشۆدە، لۇشۈن ناملىق سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان. 1940 - يىلى يەنئەندە مەشھۇر «يەنئەنگە مەدھىيە»، «سەككىزىنچى ئارمىيە ئومۇمىي خورى» قاتارلىق ناخشا- مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. «سەككىزىنچى ئارمىيە ئومۇمىي خورى» نىڭ تەركىبىدە «سەككىزىنچى ئارمىيە مارشى» مۇ بولۇپ، ئۇ ھازىرقى «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يۈرۈش مارشى» ئىدى. (9)

## ئېدىسون ۋە «1000»

ئېدىسون ئۆز ھاياتىدا 1000 دىن ئارتۇق كەشپىيات ياراتقان بولۇپ، تۆھپىسى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن «كەشپىيات پادىشاھى» دەپ ئاتالغان. ئەمما ئۇنىڭ كەشپىيات يارىتىشى ئاسانغا چۈشمىگەن. ئۇ لامپوچكا ئىجاد قىلىش داۋامىدا لامپوچكا سىمىغا مۇۋاپىق ماتېرىيال تاللاش ئۈچۈن 1000 قېتىمدىن ئارتۇق تەجرىبە ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئۈچ قېتىم خىزمەتتىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. ھەم تاياق يەپ ئوڭ قۇلىقىنى گاس قىلىۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېدىسون «تالانت ئىگىسىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى بولسا، بىر پىرسەنت ئۆزىنىڭ قىزىقىشىغا، 99 پىرسەنت شۇ كىشىنىڭ قان- تەر بەدىلىگە كېلىدۇ» دەپ ئېيتقان. (5)

## ماۋدۇن ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر دوستى

يازغۇچى ماۋدۇن ئەپەندى 1938-يىلى كۈزدە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە دىخۇا (ئۈرۈمچى)غا كېلىدۇ. كېلىپلا ھەرقايسى مىللەت ئىختىساسلىق كىشىلىرىدىن يېڭى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا باب كېلىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقماقچى بولىدۇ. دەرسلىك تۈزۈش ھەيئىتىدە چۆچەكلىك بىر ياش تەرجىمان بار ئىدى. ئۇ ماۋدۇن ئەپەندى بىلەن كۆپ چاغلاردا بىرگە بولۇپ، ماۋدۇن ئەپەندىنىڭ ئۇنتۇلماس دوستلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. ماۋدۇن ئەپەندى «شىنجاڭ بوران - چاپقۇنلىرى» دېگەن ئەسلىمىدە ئۇنى ئالاھىدە ئەسلەپ ...... يەنە بىر ئۇيغۇر كىشىمۇ ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى...دەپ يازغان. (5)

## نيۇتوننىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى

ئۇلۇغ ئالىم نيۇتون 27 ياش ۋاقتىدا گۈزەل، نازاكەتلىك بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلمۇقچى بولۇپ تۇيۇقسىز خىيالىغا ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان مۇھىم بىر نەرسە كېلىۋالىدۇ-دە، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىزنىڭ بىر بارمىقىنى تاماكا غاڭزىسىنىڭ ئىچىگە تىقىشقا باشلايدۇ، قىز بولسا ئاغرىققا چىدىيالماي توۋلىۋېتىدۇ. نيۇتون ئېسىنى يىغىپ قىزدىن ئەپۇ سورايدۇ. بىراق قىز يېنىنى قېقىپ كېتىپ قالىدۇ. نيۇتون بولسا ھەسرەت بىلەن ئۆز - ئۆزىگە: «قارىغاندا مەن ئۆمرۈمدە توي قىلماسلىقىم كېرەك ئوخشايدۇ» دەيدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم - پەنگە بېرىلىپ، ئۇلۇغ ئالىمغا ئايلىنىدۇ (5)

## گىنكى ئېينشتېين

دۇنيادىكى مەشھۇر ئادەملەر قاتارىدا، گىنكى ئېينشتېين بار، بىرىسى يېقىنقى زاماندىكى ئۇلۇغ فىزىك، ماتېماتىك قارىمۇ قارشىلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئىجادچىسى ئېينشتېين، ئۇ فىزىكا ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالغان. يەنە بىر ئېينشتېين (1880—1952) گېرمانىيىلىك كومپوزىتور بولۇپ، ئۇ مېيۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇزىكا تارىخىنى ئوقۇغان. 1918—1933 - يىللىرى ئارىلىقىدا «مۇزىكا ئىلمىي ژۇرنىلى»دا مەسئۇل مۇھەررىر بولغان. 1933 - يىلى ناتسىستلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە ئۇ يەھۇدىي ئۇرۇقىدىن بولغاچقا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ئۇ 16 — 18-ئەسىردىكى گېرمانىيە ھەم ئىتالىيىنىڭ مۇزىكا تارىخىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان. (9)

## ئايالىنىڭ بەختى ئۈچۈن

يولداش بېتيۇن 1923 - يىلى لوندوندا ئۆزىنىڭ سۆيگەن قىزى پالانىت خانىم بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۇلار، ئۆزئارا بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشىپ ناھايىتى خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان ئىدى. لېكىن، ئۈچ يىلدىن كېيىن يولداش بېتيۇن يۇقۇملۇق ئۆپكە تۇبېركۇلوز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا بۇنداق كېسەلنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى يوق ئىدى. دەل ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆز كېسىلىنىڭ يۇقۇپ قېلىشى بىلەن ئايالىنىڭ بەختىگە زامىن بولۇشىنى خالىمىغان يولداش بېتيۇن قەتئىي ھالدا ئايالىغا «مەن سېنىڭ ھاياتىڭنى ئىسراپ قىلىشىنى خالىمايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر سەن مەن بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشقا قوشۇلمايدىغان بولساڭ، داۋالىنىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بارمايمەن» دەپ تەلەپ قويىدۇ. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار بىر-بىرىگە چىداشمىغان ھالدا ئۆز مۇھەببەتلىرىنى قۇربان قىلىشىپ نىكاھتىن ئاجرىشىدۇ. (5)



# مۇبادا سىزنىڭ گۈزەل چىرايىڭىز بولمىسا ...

پەدەز قىلىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان قىزلار ـ مۇ ئەينەككە قاراشقا ئامراق كېلىدۇ. گۈزەل چىرايىغا ئىگە قىزلار ئەينەكتە ئۆز رۇخسارىنى كۆرگىنىدە، ئىختىيارسىز ھالدا شاتلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ. چۈنكى ھەممە كىشى گۈزەللىكنى سۆيىدۇ.

ئۇنداقتا، ئەگەر سىزنىڭ گۈزەل چىرايىڭىز بولمىسا، گۈزەل بولماي قالغان بولامسىز؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان جايلىرى بولىدۇ. مەسىلە سىزنىڭ ئۆزىڭىزدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان گۈزەللىكنى تېخى بايقىيالمىغانلىقىڭىزدا.

چېرنىشېۋىسكى مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قىلغان ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى دىدارلاشمىغان بىر قەدىناس دوستىنى يوقلاپ بارىدۇ. بۇ چاغدا بۇ دوستى ئۆيلىنىپ بولغان ئىدى. ئۇ چېرنىشېۋىسكىگە ئۆز ئايالىنى تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ياش، گۈزەل ئايال يولدىشىنىڭ بۇ دوستىنى سەمىمىي ۋە قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ئازراقمۇ ھاكاۋۇرلۇق ۋە ساختىلىق قىلمايدۇ. چېرنىشېۋىسكى دوستىغا: «سېنىڭ خانىمىڭ بەك ئۇماق ئىكەن، بۇ مېنىڭ ساڭا خۇشامەت قىلغىنىم ئەمەس. ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن» دەيدۇ. لېكىن بىر قېتىم بىر ھەشەمەتلىك تانسا سورۇنىدا، ئۇ يەنە بۇ خانىمنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدىن بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە بولغان تەلپۈنۈش ۋە ئىنتىلىش ئالامەتلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ چېرنىشېۋىسكىگە ئاقسۆڭەك خانىملارنى دوراپ، ساختا قىياپەتتە: «بۇ تۇرمۇش مېنى بىزار قىلىۋەتتى. مەن بۇ يۇقىرى تەبىقىنىڭ بىمەززە ئالاقىسىدىن زېرىكىپ كەتتىم» دەيدۇ. سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولماسلىقتەك بۇ ئەھۋالنى كۆرگىنىدە، چېرنىشېۋىسكى ئۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا بۇ ئايال تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ. ئاردىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، چېرنىشېۋىسكىنىڭ دوستىنىڭ بىردىن ـ بىر بايلىقى بولغان زاۋۇدى ئوت ئاپىتىگە ئۇچراپ كۆيۈپ كېتىدۇ. بۇ كىشى قاتتىق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قېلىپ، نېمە قىلارىنى ئۇقماي قالىدۇ. بۇ چاغدا ئايالى ئۇنىڭغا: «كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بىز بىر ئائىلە مۇلۇكلىرىمىزنى، مېنىڭ زېبۇ ـ زىننەت ۋە كىيىملىرىمىزنى ساتساق بۇلار قەرزىنى تۆلەشكە يېتىدۇ. سىز تېخى ياش، پەقەت ئۈمىدسىزلەنمىسىڭىزلا، كەلگۈسىدە ھەممە ئىش ياخشىلىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ» دەيدۇ. بۇ ھال چېرنىشېۋىسكىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇ بۇ ئايالنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەڭ ئالىيجاناب ئايال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل سورۇندا كىشىگە بەرگەن ئوخشاشمىغان ئۈچ خىل تەسىراتىدا، ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان نەرسە، ھەرگىز ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدۇر.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر كىشىنىڭ گۈزەل گۈزەل ئەمەسلىكىدە، مۇھىم نەرسە ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى ئەمەس. كىشىلەر سىرتقى قىياپىتىنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە تاللىۋالمايدۇ. بىراق قەلب گۈزەللىكىنى بولسا ئۆزى يارىتالايدۇ. بۇ گۈزەللىك، كىشىلەرنى ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى ئۇنتۇشقا، نەزىرى ۋە ھېسسىياتىنى ئۇنىڭ قەلب گۈزەللىكىگە قارىتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇڭا سىز گۈزەل چىراي ئىستىدە ئەمەس، بەلكى بىر گۈزەل قەلب يارىتىش ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىڭ. (5)

## گۈزەل گۈزەلدىن سۆھبەتلەر

## مەرىپەت تارقىتىشىم راستتىن يوققا چىقامدۇ؟

يولداش مۇھەررىر:

مەن ئىلگىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتىم. يېقىندىن بۇيان بەزى كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۆز قىزغىنلىقىم بىلەن ناھىيىمىزدىكى شىنخۇا كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا ۋاكالىتەن بىر كىتاب سېتىش بوتكىسى ئاچقان ئىدىم. ھۈنەر قىلغان ۋاقتىمدا ھەركۈنلۈكى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم بولاتتى. شۇ پايدىدىن ۋاز كېچىپ خەلقىمىز ئىچىگە مەرىپەت تارقىتىش ئۈچۈن شەخسىي بوتكا ئېچىپ كىتاب سېتىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. ئەپسۇس مېنىڭ بۇ ئارزۇلىرىم ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى كىتاب ئاردىيەت بەرمەسلىك تۈپەيلى يوققا چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا.

يولداش مۇھەررىر: مېنىڭ كىتاب سېتىش ئارقىلىق مەرىپەت تارقىتىشىم راستتىن يوققا چىقامدۇ؟

ئاتۇش ناھىيىسىدىن: مۇختار

يولداش مۇختار:

ھازىر خەلقىمىز يېڭى مەرىپەتكە تازا ئىنتىزار بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا سىزگە ئوخشاش شەخسىي كىتاب دۇكىنى ئاچقانلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ مەرىپەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا مەلۇم دەرىجىدە رولى بار.

ئەمدى ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ دەسلەپتە سىزنىڭ شەخسىي كىتاب بوتكىڭىزغا كىتاب ئاردىيەت بېرىپ كېيىن ئاردىيەت بېرىشنى توختىتىپ قويغانلىقىغا كەلسەك، بىز ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دەماللىققا كەسكىن بىر نەرسە دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. ئىسلاھات داۋامىدا ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئارىسىدا ئومۇملىقنى چىقىش قىلغان ئاساستا رىقابەتلىشىش بولۇۋاتقان بىر پەيتتە ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى بىلەن سىزنىڭ ئوتتۇرىڭىزدىمۇ رىقابەتنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. بۇنىڭ بىلەن سىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدىن دەرھاللا ۋاز كەچمەسلىكىڭىز كېرەك. نەشرىيات ۋە گېزىت - ژۇرنال ئورۇنلىرى بىلەن ئالدىنئالا ئالاقىلىشىش ئارقىلىقمۇ بوتكىڭىزغا سېلىنمىدىغان كىتاب مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. (6)

— مۇھەررىر

## بۇخىل زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟

يولداش مۇھەررىر:

مەن يېقىندا ئوقۇتقۇچىلىقتىن مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىندىم، يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن خىزمەت بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆگىنىشكە زادىلا ۋاقىت چىقىرالمىدىم، ئۆگىنىشنى دەپ خىزمەتنى تاشلاپ قويساي دېسەم تېخى بولمايدۇ، خىزمەتنى دەپ ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويساي دېسەم تېخى كۆڭلۈم قويمايدۇ. ھەر ئىككىلىسىنى تۇتسام ھېچبىر ئۈنۈمىنى كۆرەلمىدىم، شۇڭا بۇ خىل زىددىيەتنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۈچۈن ماڭا بىر ئەقىل كۆرسەتسىڭىز.

يەكەندىن ئەركىن

يولداش ئەركىن:

خېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ۋاقىتنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلمىغاندەك تۇرىسىز، سىز ئالدى بىلەن مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇڭ، ئاندىن ۋاقىتنى خىزمەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىل-

-مى ئۇسۇلدا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇڭ. خىزمەتنىڭ ئاددىي ۋە مۇرەككەپلىكىگە، ئىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە، ئالدىراش-ئالدىراش ئەمەسلىكىگە قارىماي ھەممىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بارىمەن دېسىڭىز ئۆگىنىشكە ۋاقىت چىقىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلگىلىگەن خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈنمۇ خېلى جىددىيلىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقىڭ. ئاندىن ۋاقىتنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرۇڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز خىزمەتمۇ يۈرۈشىدۇ. ئۆگىنىشكىمۇ ۋاقىت چىقىدۇ. (5)

— مۇھەررىر

## بىز توي قىلساق بولامدۇ؟

يولداش مۇھەررىر:

مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر قازاق، ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان ئىدىم. خىزمەت جەريانىدا بىر قازاق قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن خىزمەت ۋە ئۆگىنىشتە بىر-بىرىمىزگە ياردەم قىلىشىپ ئۆتتۇق. ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ توي قىلىش قارارىغا كەلگەن ئىدۇق. لېكىن ئاتا-ئانام باشقا مىللەتلەرنىڭ قىزلىرى بىلەن توي قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىمىز بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئامالسىز قالدۇق.

يولداش مۇھەررىر: مىللىتى ئوخشىمايدىغان ياشلار توي قىلسا راسىتتىن بولامدۇ؟

غۇلجىدىن: شاۋكەت

يولداش شاۋكەت:

خېتىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر مۇنازىرە تەلەپ قىلىنمىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ-ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى بار. نۆۋەتتە ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالماشتۇرۇش كۈنسايىن كۆپەيمەكتە. بۇ جەرياندا ھەر مىللەت ئوغۇل-قىزلىرى ئۆز ئارا چۈشىنىشكەندىن كېيىن مۇھەببەت باغلاپ ئۆمۈرلۈك ھەمراھلاردىن بولۇپ قالغان مىساللار خېلى كۆپ، بۇ مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى. مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆرپ-ئادەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئوخشاشماسلىق ئوغۇل-قىزلارنىڭ بىرلىشىشىگە ھەرگىز توسالغۇ بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ نىكاھ ئىشىنى قانۇن ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ.

ئەلۋەتتە شۇنىمۇ ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەك. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە ناھايىتى چوڭ پەرق مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتى ئوخشىمايدىغان قىز-ئوغۇللار مۇھەببەت باغلىغاندا بۇ جەھەتلەردىكى ئۆرپ-ئادەت باشقا تەرەپلەرگە تولۇق ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئائىلە ئىشلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئىككى تەرەپ توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىشى، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ مۇۋاپىق تەكلىپلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك: سىزمۇ مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز ئاتا-ئانىڭىزنى قايىل قىلالايسىز. (6)

— مۇھەررىر




دۇنيانىڭ كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى سۈرئەتكە قاراپ يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، تۇرمۇش داۋامىدىكى ۋاقىتكۆزقارىشىدىمۇ يۇقىرى سۈرئەتتە بولۇش تەلەپ قىلىنىدىغان بولدى. شۇنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز كېرەككى، بىز دەۋاتقان «بۈگۈنكى كۈن» تۈنۈگۈن ھەر خىل ئىشلارنى قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان ئەتىكى كۈندۇر. قىممەتلىك بۈگۈنكى كۈنىمىزگە كەلمەسكە كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، شۇڭا بىر كۈنلۈك ۋاقىتنى تولۇق پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، تېز ھەرىكەتلىنىش، ئۆيدە ئانچە مۇھىم بولمىغان ئىشلارنى ئىشلىمەي قالدۇرۇپ قويسا، ئاز دېگەندە 15 مىنۇت ۋاقىتنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. كارۋاتتا يېتىۋېلىپ يالغان ئۇخلاش، توختىماي چاي ئىچىۋېرىشنىڭ ئورنىغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئانچە - مۇنچە كېيىنىت كۆرۈش، ئىمكان قەدەر تېزلىكتە خىزمەتكە ئاتلىنىش كېرەك.

ئىككىنچى، زۆرۈر بولمىغان ھەرىكەتلەرنى توختىتىش؛ ئاكتىپ كىشىلەر بەزىدە ئاكتىپلىقىنىڭ زىيىنىنى تارتىدۇ. ئۇلار ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى، ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىشنى ئويلايدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە تەشكىل بەكمۇ مۇھتاج. بىراق ئاكتىپلىقىنىڭ ئۆزىگە زىيان سېلىپ قويماسلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى تەييارلاپ بولماي تۇرۇپ يېڭى پائالىيەتكە قاتناشماسلىق؛ ئۆزگە ھەقىقەتەن كېرەكلىك بولمىغان ئاخبارات ۋە ھەرىكەتلىنىش دوكلاتىغا قارىتا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق كېرەك.

ئۈچىنچى، ماسلاشقان ھالدا رېتىملىق ئىشلەش. يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، مەيلى قايسى ئىشنى قىلىشتا بولسۇن، بىرىنچىدىن ئانچە مۇھىم بولمىغان خىزمەت تەرتىپلىرىنى ۋە سۆھبەتنى قىسقارتىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان رېتىمنى ئويلاپ تاپقان بولسا، ئىمكان قەدەر شۇ رېتىم بويىچە ئىشلەش كېرەك. ئۇنىڭغا مۇۋاپىقلاشقاندىن كېيىن بەزى خىزمەتلەرنى ئاز - تولا كۆپەيتسىمۇ بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئاخىرىغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش؛ ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بوپقالغان تەقدىردىمۇ كۆڭلىنى چاچماسلىق، ئاخىرقى بىرمىنۇتتىمۇ خىزمەتكە ئىشلىتىش كېرەك. ۋاقىت مۇشۇنداق تېجەپ قېلىنىدىغان بولسا، بىر ھەپتىدە خېلى كۆپ ۋاقىت تېجىلىپ قالىدۇ.

بىر كۈننى ئۇنۇملۈك، قانائەتلىنەرلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بىر كۈنلۈك ۋاقىتنى يەككە يېگانە ھالدا بىر كۈنلۈك ۋاقىت دەپ قارىماستىن، بەلكى ئۇنى بارلىق ۋاقىتىڭىزنىڭ بىر ئورۇقى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇڭ. (5)



# يەر شارى ھەققىدىكى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى گەپلەر



ئىنسانلار يەر شارىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەر شارىنى بىلىشى ھازىرغىچە يۈزە بولۇۋاتىدۇ. ھەتتا بىر مۇنچە ئاددىي مەسىلىلەردىمۇ بىرلىككە كېلەلمەيۋاتىدۇ.

يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان يەر تەۋرەشتىن كېيىن، ئالىملار ئاتموسفېرادا پاتقاق گازنىڭ ئالاھىدە كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. يەر شارىنىڭ بۇ خىل گاز قويۇپ بېرىش ھادىسىسى ۋە يەر شارىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىن زور مىقداردىكى ماددىلار ئېتىلىپ چىقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقا ئاساسەن، بەزىلەر، يەر شارىنىڭ قورسىقى بارغانسېرى قىسىلغانلىقتىن، يەر شارىنىڭ ھەجمى تەبىئىي ھالدا كىچىكلەۋاتىدۇ دەپ قارىماقتا.

لېكىن، بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى يەر شارىنىڭ رادىئۇسى ئەسلىدىكىدىن 33% ئۇزارغان، دەپ ئېلان قىلدى. بۇنداق دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى، ھەرقايسى چوڭ ئوكيانلارنىڭ تەكتى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن، بۇنداق كېڭىيىش شىمالىي قۇتۇپتىن جەنۇبىي قۇتۇپقىچە يەر شارىنى چۆرىدىگەن چوڭ ئوكيانلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغ قىرلىرىنى بويلاپ بولغان، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، تىنچ ئوكيان تەكتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى يىلىغا بىر نەچچە سانتىمېتىردىن ئېشىپ بارغان.

ئالىملار مارجان قۇرۇتىنىڭ تېنىنى تەتقىق قىلىپ، ھازىرقى زامان مارجان قۇرۇتىنىڭ تېنى 365 قات ئىكەنلىكى، بۇنىڭ دەل بىر يىلنىڭ كۈن سانىغا تەڭ ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىققان، ئالىملار يەنە تاشقا ئايلانغان 360 مىليون يىل ئىلگىرىكى مارجان قۇرۇتىنىڭ يىل ھالقىسىنى ساناپ، 480 قات ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىققان، مۇشۇ بويىچە سۈرۈپ ھېسابلىغاندا، بىر مىليارد 800 مىليون يىل ئىلگىرى بىر يىل 507 كۈن بولغان. بۇ يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىش جەريانىدىكى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى ئاستىلاۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يېقىندا ئالىملار تىنچ ئوكياننىڭ جەنۇبىدا تېپىلغان يۇمشاق تەنلىك دىتىرىك تاشقا ئايلانغان جىسىم — شاتۇتى قۇلۇلىنىڭ يۈستىدا ئورغۇن ئىنچىكە ئۆسۈش يىپچىلىرى بولۇپ، بىر كېچە - كۈندۈزدە بىر تال ئۆسۈپ، 30 تال توشقاندا، بىر قەۋەت پەردە بىلەن ئورۇلىدىغانلىقىنى، ھەر بىر ئورام ئىچىدىكى ئۆسۈش يىپىنىڭ سانى دەل ھازىرقى بىر ئايلىق كۈن سانىغا تەڭ ئىكەنلىكىنى بايقىغان، شاتۇتى قۇلۇلىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملار يەر شارىنىڭ يېشىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش تېزلىكى ئېشىۋاتىدۇ، دەپ قارىماقتا.

ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بىر مىليارد يىلدىن بۇيان، يەر يۈزىدىكى مېتورىت تاش چۈشۈشتىن پەيدا بولغان ئازگاللاردىن دىئامېتىرى بىر كىلومېتىردىن ئاشىدىغانلىرى بىر مىليوندىن ئاشىدۇ. ھەر كۈنى ئالەم بوشلۇقىدىن يەر يۈزىگە چۈشىدىغان مېتورىت تاش ۋە چاڭ - توزان 500 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، يەر يۈزىنىڭ كۆتۈرۈلۈشچانلىقى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ بارغان.

بۇنىڭغا قارشى پىكىردىكىلەر يەر شارىدا يىلىغا بەش مىليون قېتىم يەر تەۋرەيدۇ، 500 دىن ئارتۇق يانار تاغ ئۈچمەي پارتلاپ تۇرىدۇ، ھەر قېتىم ۋولقان پارتلىغان ۋە يەر تەۋرىگەندە، يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى لاۋا ۋە گازلار زور مىقداردا ئېتىلىپ چىقىدۇ، گاز-



لار ئاتموسفېراغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە زور مىقداردىكى نېفىت ۋە كۆمۈر قېزىلىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلۈپ، ئىسقا ئايلىنىپ ئاتموسفېراغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ، بۇ ئەھۋال يەرشارىنىڭ ئېغىرلىقىنى تەدرىجىي يېنىكلىتىپ، كۆتۈرۈشچانلىقىنى ئازايتىدۇ، دەپ قارىماقتا.

ئالەم كېمىسى ئارقىلىق تەكشۈرۈشتىن، زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 480℃ قايتىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى ئاتموسفېراسىدا زور مىقداردىكى كاربون (IV) ئوكسىدى بىر قەۋەت پەردە ھاسىل قىلىپ، قۇياش چاچقان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى بىلەن زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنىڭ ئاتموسفېراغا تارقىلىشىنى توساپ، زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كۆنسېرى ئۆرلەتكەن.

يەر شارىدىمۇ ئاھالىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى، سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئورمانلارنىڭ كۆپلەپ كېسىلىشى، تەبىئىي ئېكولوگىيىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى تۈپەيلىدىن، كاربون (IV) ئوكسىدى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ، يەر شارى بوشلۇقىدىكى كاربون (IV) ئوكسىدىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى ئېشىپ، زۆھرە يۇلتۇزىدىكىگە ئوخشاش تېمپېراتۇرا يىلدىن - يىلغا ئېشىۋاتىدۇ.

بۇنىڭغا تامامەن قارشى بولغان بىر خىل قاراشتىكىلەر كەلگۈسى نەچچە ئون يىللىق ئاتموسفېرا تەدرىجىي سوۋۇيدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسى مۇنداق: گەرچە كاربون (IV) ئوكسىدى مۇقىم ھالدا كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ 60 - يىللاردىن بۇيان شىمالىي ۋە شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن يۇقىرى كەڭلىك رايونلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، ھاۋاسى روشەن سوۋۇغان. لېكىن شۇنداق بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، تالاش - تارتىشنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، يەر شارى ئىلمىيدىكى يېشىش قىيىن بولغان سىرلار توغرىسىدىكى تونۇشىمىز بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، بارغانسېرى ئايدىڭلىشىدۇ. (6)

## ئاجايىپ ئادەملەر

رىم ئىمپېراتورى ماكسىمىنىنىڭ قول - بارماقلىرى ناھايىتى يوغان بولغان ئىكەن. ئۇ دائىم ئايالىنىڭ بىلەيزۈكىنى بارمىقىغا ئۈزۈك قىلىپ سېلىپ يۈرۈيدىكەن.

ۋىل كىسىن دېگەن كىشىنىڭ بويى ئىككى مېتىر 45 سانتىمېتىر، قاپىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 56 سانتىمېتىر ئىكەن.

ئەڭ پاكار بويلۇق ئادەم نېمىس ۋۇلتېر بېيومىنكا بولۇپ، ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى 52 سانتىمېتىر ئىكەن. ئۇ 1955 - يىل 48 يېشىدا ۋاپات بولغان.

لوندونلۇق فرانسىس ۋىنكېل مايېر دۇنيادا ئەڭ ئېگىز ئادەم ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر 73 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇ 24 يېشىدا ۋاپات بولغان ئىكەن.

ئامېرىكىلىق گانىس لاندۇرىتىنىڭ ساقىلى ئۈچ مېتىر 45 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. شۇڭا ئۇ ساقىلىنى ھەمىشە ئوراپ باغلاپ يۈرۈيدىكەن.

ئىنگلىز توماس تومىنونىڭ بۇرنى مىليون دوللار باھالانغان، چۈنكى ئۇنىڭ بۇرنى پۇراقنى (ھىدنى) ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە سېزىدىكەن.

ئىنگلىز توماس ۋېدېر بۇرنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بويىچە دۇنيادا بىرىنچىلىكنى ئالغان. ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇنىڭ بۇرنى 18 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولسىمۇ ھىدنى (پۇراقنى) سەزمەيدىكەن.

## كەلگۈسىدىكى يولۇچىلار ئايروپىلانى

تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئالەم بوشلۇقىنى ساياھەت قىلىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكا 300 دىن 500 غىچە يولۇچى سىغدۇرىدىغان ئاۋازدىن نەچچە ھەسسە تېز ئۇچىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئالەم ئايروپىلانى ياساپ چىقىش پىلانى ئۈستىدە جىددىي باش قاتۇرماقتا.

ئۆربىتىغا كىرىشتە ئايروپىلانغا بىر نەچچە خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئوخشاش بولمىغان تېزلىكتە قاتنايدىغان موتور ياكى ئوخشاش بولمىغان بىر نەچچە خىل موتورلاردىن تەركىب تاپقان يەككە موتورنى ئىشلىتىش ئارقىلىقلا ئۇنى يۇقىرىقىدەك ئاۋازدىن نەچچە ھەسسە تېز سۈرئەتكە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلە، نىسبەتەن تۆۋەن سۈرئەتتە غايەۋى قاتنايدىغان ئادەتتىكى تۇربىنا شامالدۇرغۇچلۇق موتور مۇبادا ئاۋازدىن نەچچە ھەسسە تېز ئۇچسا ئۈنۈملۈك قاتنىيالمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا مۇشۇنداق تېزلىك ئاستىدا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلالايدىغان قىسماق شەكىللىك رېئاكتىپ موتور ئورناتسا تۆۋەن سۈرئەتتە ئۇچۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

ئامېرىكا دۆلەتلىك ھاۋا قاتنىشى ئىدارىسى بىلەن ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى 15 يىل ۋاقىت ۋە بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى، بۇ — ئاۋازدىن نەچچە ھەسسە تېز سۈرئەت ئاستىدا ئۇچالايدىغان، راكېتا ئۈستىدە سىناق قىلىنغان يېڭى تىپتىكى موتورلارنى ۋە ھاۋا قاتنىشى ئايروپىلانىنىڭ تەجرىبە خاراكتېرلىك قاتنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.(8)

## كەلگۈسىدىكى پۇللار

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئىلىم - پەن تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشى ۋە يېڭىلىق يارىتىشى بىلەن، ئىلغار دۆلەتلەردىكى بانكىلار ھازىر ئېلېكترونلۇق پۇل - چەك تارقىتىش سىستېمىلىرىنى قوللىنىشقا باشلىدى. بۇ خىل سىستېما ئاستىدا، ھەر قانداق خېرىدارلار ماگىزىندىن مال سېتىۋالغاندا، شۇ كىشى ئۆزى مەخسۇس ئىشلىتىدىغان پۇلنى پۇل ساناش ماشىنىسىغا سالسا، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى پۇلنى ساناپ، سودا قىلىش مىقدارىنى ئاپتوماتىك ھالدا ئايرىپ چىقىرىپ بېرىدىكەن.

كەلگۈسىدە بارلىق بانكىلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پۇل - چەك تارقىتىش سىستېمىسىنى قوللىنىدۇ، بۇ، پۇلنى كېرەكسىز نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويامدۇ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن ئېلېكترونلۇق پۇل يەتكۈزۈش سىستېمىسىنىڭ مەنبەسىنى چۈشىنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سىستېما ئامېرىكىدا ئەڭ بۇرۇن قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇ بانكىلارنىڭ نەق پۇل ۋە پۇل چېكىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە تەننەرقىنىڭ خوراپ كېتىشىنى تېجەپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بانكا خېرىدارلارغا ئامانەت قويغان پۇلنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ئېلىپ ئىشلىتىشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. پۇل ۋە پۇل چېكىنى ئوغرىلىنىپ كېتىش خەۋپىدىن ساقلىغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئېلېكترونلۇق پۇل-چەك تارقىتىش سىستېمىسى ئەڭ ئاخىرى نەق پۇل ۋە پۇل چېكىنىڭ يوقۇلۇشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. لېكىن پۇلنىڭ ئاساسلىق رولى ھەرگىز تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ. بۇ پەقەت پۇلنىڭ مۇقىملىقىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشتىنلا ئىبارەت. (8)


كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس



# ئۇيقۇ، مىجەز، ئۆمۈر، ياستۇق



ئۇيقۇشۇناسلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئۇخلاش ۋاقتى ئوخشىمايدىكەن. مەسىلەن، ئىدىسون ھەر كۈنى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئۇخلايدىكەن، ئېينىشتېيىن بولسا ئۇزۇن ئۇخلاشقا ئادەتلەنگەن ئىكەن. ئۇيقۇشۇناسلار ئۇخلاش ۋاقتى ئالتە سائەتكە يەتمەيدىغانلارنى يېتەرلىك ئۇخلىمايدىغانلار ئىچىگە، ئۇخلاش ۋاقتى توققۇز سائەتتىن ئېشىپ كېتىدىغانلارنى بولسا ھەددىدىن ئارتۇق ئۇخلايدىغانلار ئىچىگە ئايرىغان. پسىخولوگىيىلىك سىناقلارنىڭ نەتىجىسىدە، يېتەرلىك ئۇخلىمايدىغانلار ئىچىدىكى زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مىجەزى سىرتقى خاھىشچانلىققا مايىل بولۇپ، ئەمەلىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماھىر كېلىدىغانلىقى؛ ئەكسىچە ھەددىدىن ئارتۇق ئۇخلايدىغانلار ئىچىدىكى زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مىجەزى ئىچكى خاھىشچانلىققا مەنسۇپ بولۇپ، نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا ماھىر كېلىدىغانلىقى بايقالغان.

## ئۇيقۇ ۋە ئۆمۈر

نورمال كىشىلەرنىڭ ھەر كۈنلۈك ئۇخلاش ۋاقتى يەتتە ـ سەككىز سائەت بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن كىشىلەر بۇنچە كۆپ ئۇخلىشى كېرەك؟ تا ھازىرغىچە بۇ سوئالغا ھېچكىم ئېنىق جاۋاب بېرەلىگىنى يوق. لېكىن بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئادەم ئۆمرىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن ئۇخلاش ۋاقتى قالغان ئۈچتىن ئىككى قىسىم ۋاقىتقا قارىتا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇخلاش ۋاقتىنىڭ بەك قىسقا ياكى بەك ئۇزۇن بولۇشىنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ.

ئامېرىكىلىق بىر ئالىم يېتەكچىلىك قىلغان بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسى 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 30 ياش ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ، بىر كۈندە ئۇخلاش ۋاقتى بەش ـ ئالتە سائەتتىن قىسقا بولىدىغانلىرىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ ئۇيقۇسى نورمال كىشىلەرگە قارىغاندا 10 پىرسەنت يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان.

## ئۇيقۇ ۋە ياستۇق

ئۇيقۇنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئورۇن ـ كۆرپە ۋە ياستۇق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ياپونىيىدىكى بىر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيقۇغا بولغان تەسىرى ئەڭ زور بولىدىغىنى ياستۇق ئىكەن.

ھازىر، كىشىلەر ئىشلىتىۋاتقان ياستۇقلارنىڭ خىللىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىچىگە توزغاق تىقىلغان ياستۇق، پاختا تىقىلغان ياستۇق، سۇلياۋ ياستۇق، پېلەكتىن توقۇلغان ئىچى كاۋاك پېلەك ياستۇق ۋە ھاكازالار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىچىگە توزغاق تىقىلغان ياستۇقنىڭ ئۇخلىتىش ئۈنۈمى ئەڭ ناچار ئىكەن. ئۇيقۇشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئادەم ئۇخلىغاندىن كېيىن، باش قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 34 — 34.5 گرادۇس بولىدىكەن، يەنى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىدىن ئۈچ ـ تۆت گرادۇس تۆۋەن بولىدىكەن. ئەگەر باش قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ھەددىدىن تاشقىرى يۇقىرى بولۇپ كەتسە ئاسانلىقچە ئۇخلىيالمايدىكەن. توزغاق تىقىلغان ياستۇق ھاۋا ئۆتكۈزمىگەچكە باش قىسمىدا ھاسىل قىلغان ھارارەتنى ئاسانلىقچە تارقىتالمايدىكەن. ھاۋا ئىسسىق چاغلاردا بۇنداق ياستۇقنى ئىشلەتكەندە ئاسان ئۇخلىغىلى بولمايدىكەن. ئەكسىچە پېلەك ياستۇق ھاۋا ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا ئادەم ئاسانلا ئۇيقۇغا كېتىدىكەن. (5)

بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما

# ھالاكەتلىك «ساراڭ خوتۇن» خەزىنىسى



ئايرىس ئىسىملىك ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال 1860 يىلى كەچكۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى كەچتە ماغدۇرسىزلانغان ھالدا ئامېرىكىنىڭ كولورادوس شتاتىدىكى ئالتۇن بازىرىغا يېتىپ كېلىپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا كىشىلەرگە مۇنداق بىر ۋەقەنى دەپ بەرگەن: ئۇ ئېرى بىلەن دىنۋېر شەھىرىگە كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدىكى تاغدا چوڭ بىر ئالتۇن كېنىنى ئۇچراتقان، ئېرى ئالتۇن كانىنى كۆرۈش بىلەنلا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ئەمدى مىليونېر بولىدىغان بولدۇم، مىليونېر بولسام ئاجايىپ سەتەڭلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، راسا كەيپ - ساپا سۈرىمەن، دېگەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئايرىس خانىم دەرغەزەپ بولۇپ، ئېرىنى شۇ يەردىلا ئېتىۋەتكەن ھەمدە بۇ سىرلىق ئالتۇن كانىنى تاشلاپ، سەپەردىن قايتقان.

كېيىن ئايرىس بىر روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ غەلىتە ھېكايىسىمۇ بارا - بارا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن.

ئەمما بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، ئىككى نەپەر كان ئاچقۇچى گارنىسون ئورمانلىقىدا راستىنلا ئايرىسنىڭ ئېرىنىڭ باش سۆڭىكىنى ئۇچراتقان؛ باش سۆڭىكىنىڭ يېنىدا بىر تال دات باسقان ئۈچ ئاتار مىلتىق ۋە ئۈچ پارچە كان رۇدىسى قويۇپ قويۇلغان، ئۇلار بۇ رۇدىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئالتۇن مىقدارىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قېلىشقان.

بىر نەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئالتۇن قازغۇچىلار «ساراڭ خوتۇن خەزىنىسى» دەپ ئاتالغان بۇ ئالتۇن كانىنى ئۈزلۈكسىز ئىزدىمەكتە. بىراق ئۇلارنىڭ تەقدىرى ھالاكەت ياكى نېرۋىسىدىن ئادىشىش بىلەن ئاخىرلاشماقتا. بۇ ئالتۇن كان دۇنيادىكى يوقىلىپ كەتكەن نەچچە يۈزلىگەن چوڭ ئالتۇن كانلىرىنىڭ بىرى دەپ قارالغانلىقتىن، ئالتۇن قازغۇچىلار بۇ ئالتۇن كانىنى تېپىۋالسا، ئۆزلىرىنىڭ بىر كېچىدىلا مىليونېر بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمايتتى. 1959- يىلى ئىككى نەپەر كان ئاچقۇچى يېڭى مېكسىكو شتاتىنىڭ لوسبورگ شەھىرى يېنىدىكى بۇنۇ دېگەن تاغدىن كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزسىز يوقىلىپ كەتكەن ئىسپانىيىنىڭ ئالتۇن كانىنى تېپىۋېلىپ، بىر كېچىدىلا ناھايىتى بېيىپ كەتكەن. 1965- يىلى يەنە ئىككى نەپەر ئەر - ئايال ئالتۇن قازغۇچى ئاركانساس شتاتىنىڭ سىكامو تاغ جىلغىسىدىن كېپەك ئالتۇن بىلەن تولغان «كوكونىس» ئالتۇن كانىنى تاپقان، ئەمما ئۇلار يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئالتۇن كانىنى ئىزلىمەكچى بولغاندا، ئۇشتۇمتۇت بەختسىزلىككە يولۇقۇپ ھەر ئىككىسى ئۆلۈپ كەتكەن. شۇڭا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 1971- يىلى، بۇ رايونلارنى پېچەتلەپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كان رايونىغا كىرىشىنى مەنئىي قىلغان.

شۇنداق بولسىمۇ بۇ يەردە سىرلىق سۇيىقەست دېلولىرى كۈنسېرى كۆپەيمەكتە. كۆپلىگەن جەسەتلەر پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەنلىكتىن، بەزى جەسەتلەرنى تونۇغىلى بولماي قالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىر سىر بولۇپ كەلمەكتە. يەنە بىر سىرلىق ھالاكەت دېلوسىدا، سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بىر ئۆلگۈچىنىڭ گەرچە ئالتۇن كانىنى تاپقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ئۆلگەن چاغدا ئاغزىدا بىر پارچە ئالتۇننىڭ مەھكەم چىشلەكلىك تۇرغانلىقى سېزىلگەن، بۇ جەسەت كىشىلەرگە گويا پۇل دېسە ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ، بۇ جاي ھالاكەت ئىزىمىزى دەۋاتقاندەك ئىدى. (5)

(قەيسەر قېيۇم تەرجىمىسى)

# 12 دىن 12 مىنۇت ئۆتكەندە



1. ئە. ئابلىك ئا. كۆلى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 مەركىلى ئى-
دى. چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، چىرايى ئەقلى ئارامتۇل كەلگەن بىر
ئەپەندى قارا چامادان كۆتۈرگەن ھالدا دىرېكتور ئىشخانىسىغا
كىرىپ چامادانىنى دىرېكتورنىڭ ئۈستىلىگە قويۇپ قولىنى ئاچقاچ
تاپانچىسىنى چىقاردى ـ دە، ھەيۋە قىلدى: ئالدىڭىزدا تۇرغان بۇ يو-
چۇلكىغا ئالۋۇن ئىماكىبىرىن ئاچماڭلار، ئۇ ئىشتايىن ئۇنۇملۇك پارتلات-
قۇچ دورا. ھازىر سىز يالغۇز كاسسىرىڭىزغا تېلېفون بېرىپ، بىر قانچە
مىنۇتتىن كېيىن ئەكەلدۈرۈپ بېرىشنى بۇيرۇڭ. ... سى-
نىڭدا ئەستايىدىل سۆزلىگەن چەكتىن كۆتۈرۈپ پارتىلىتالمايمەن. ئۈلمىڭ
50 مىڭ دوللار سىزنىڭ ... ئون بەش يۈز دوللارلىقتىن ئۈچ
ياقلىما قىلىپ ئەپيار قىلىشنى بۇيرۇڭ دېدى. دىرېكتور قاتتىق
ئەپەندىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغاچ چامادان ئىچىدە مىكروفون ئور-
نىتىلغان ئەپلىكى يوق بىر سائەتنى كۆرۈپ قالدى.



2. دىرېكتور تېلېفوندا ئىززەتلىك بولۇپ تۇرۇپ قويۇپنى بىلەن ئەتراپ-
لىق كىشى تېلېفون سىمىنى كېسىپ تاشلىدى ۋە ماتېرىيال چارىسىنى دى-
رېكتورنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «چەكنى تەييارلاپ قويدۇم، قول قويۇ-
ۋېتىڭ» دېدى. دىرېكتور قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئا-
مالسىز قول قويۇپ بەردى. ھېلىقى كىشى ئۇچېيات بىلەن چامادانىدىن
قاپىلاق سائەت بىلەن مىكروفوننى ۋە يىرتىلغان سىمنى ئېلىپ، سىم-
نىڭ بىر ئۇچىنى قاپاق سائەتنىڭ كەينىگە ئۇلىدى. يەنە بىر ئۇچىنى
بولسا دىرېكتورغا ئۇزىتىۋېتىپ: ھازىر 11دىن 12 مىنۇت ئۆتتى. ئەگەر
سىز مۇشۇ 40 مىنۇت ئىچىدە قاتتىق ۋارقىرىسىڭىز ياكى تېز سىم-
نى قويۇپ قويسىڭىز، پۈتكۈل بانكا بىناسى كۆكۈم-تالقان بولىدۇ،
دېدى-دە، ئۇ سائەتنىڭ قىزىل كونۇپكىسىنى بېسىپ قويۇپلا چەكنى،
چامادانىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.







3. سائەت 11دىن 24 مىنۇت ئۆتكەندە، ھېلىقى كىشى كاسسىردىن بىر
چامادان پۇلنى ئېلىپ چىقىپ پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ ماڭدى. سا-
ئەت 11 دىن 31 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئىشىكى
ئالدىغا كەلگەندە بىلەنلا تۇيۇقسىز سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقى-
دىنلا بۇ قاراچىلارغا ياسالغان ئىككى ساقچى ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى.
سىرلىقنى ساقچى كىيىمىدىكى كىيگەن ئىككى نەپەر ساقچى كىرىپ كەل-
دى. ساقچىنىڭ يېنىدا دىرېكتور قەيەندى تۇراتتى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئەگەر ھېلىقى قۇرۇلمىك پارتلاتقۇچ
دورا راست بولغان بولسا ھەمدە ئۇ ھەقىقەتەن ھېلىقى كىشى دېگەن
يولغا ئىگە بولسا، دىرېكتور قانداق قىلىپ ئۆز ۋاقتىدا ساقچىغا دى-
لام قىلالايدۇ؟ (5)

# شېئىرىيەت گېزىتى

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

1986 - يىل

سېنتەبىر

(9 - سان)


## قەلبىم كۈلمدۇ

### ھۆسەنجان ئۆمەر

مۇئەللىم ئىمرۇر، پەخىرلىك نامىم،
پارتىيە بەرگەن شەۋكىتىم - شانىم.
ئۇشبۇ شان بىرلە قەلبىم كۈلمدۇ.
شاتلىق دەرياسىن ئەركىن ئۈزىدۇ.
يەتكەندەك گويا ئاسمانغا باشىم.

گۈزەل ھۆر دەۋران ياراتتى ئىمكان،
ئىجاد-مېھنەتكە راسلاندى مەيدان.
ئۆزۈن سەپەرگە مەغرۇر ئات سالدىم
دەۋر يۈكىنى يەلكەمگە ئالدىم.
پارتىيە مېھرى بەرگەچ كۈچ-دەرمان.

ئىلىم ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىپ،
مىنۇت ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلىپ،
تەرۇ-ئەجرىمدىن ئۆستۈردۈم كۆچەت،
ئىلىم سۆيىدە سۇغىرىپ ھەر رەت،
ئەل ئارزۇسىنى قەلبىمگە تېرىپ.

شۇ كۆچەتلىرىم مېۋىگە كىرىپ،
ئۆتسە ھەر زامان ئەلگە نەپ بېرىپ،
شۇندا ھاياتىم قەدرىن تاپاتتى.
ئارزۇيۇم گۈللىرى چېچەك ئاچاتتى،
ھالال تەر ئەجرىم قەنتىنى چېقىپ.

## ... دەپ

### روزى نىياز

كېزىپ بىدار،
گادىرماش - چوڭقۇر
خىياللار يوللىرىنى،
قىلسام ئارمان:
ھاياتلىقتا - جاھاندا
ئىسمى - جىسمىغا لايىق
يىگىت ئوغۇلدەك
پېشانەم ئاسمىنىدىن
چېلەكلەپ
تۆكۈپ تەرلەر
ھالال - پاك ياشاي دەپ.
قىل تۇرىدۇ،
ئىلھامىم دېڭىزلىرى
مىنگىشىپ دولقۇنلار،
قىرغاق - ساھىلدىن
ھەدىسىلا تاشاي دەپ.
شۇ ۋەجىدە،
قاندۇرۇپ تەشنالىقىنى
مەرىپەت يول ئاچقان
چىرايلىق تاڭلار سۆيگۈ بو-
لاقلىرىدىن
يۈكلەرنى ئارتىپ،
زەپەر تويلىرى تارتىپ،
چاپىمەن ھەر كۈنى
ئېھتىيات تۇلپارىدا
مەنزىلدەردىن- مەنزىللەرگە
ئاشاي دەپ...

## ناخشاڭ بىلەن ...

### روزى توختى داۋۇت

شوخ بۇلبۇلدەك كۈي كۈيلەپ،
بۇ مەلىنى بىر ئالدىڭ.
ناخشاڭ بىلەن سېھىرلەپ،
يۈرۈكۈمگە ئوت سالدىڭ.
بىدارىمەن ئۇيقىمدىن
شۇندىن بېرى ئاخشامدا،
ئېيت ناخشاڭنى توختاتماي
دىللار قانسۇن ناخشاڭغا.

## پۇلنى كۆرۈپ

### مۇھەممەدجان ئىسمايىل

شېئىر يازماق بولۇپ بىر شائىر،
ئولتۇراتتى تەپەككۇر قىلىپ.
كىرىپ كەلدى خانىمى ئۇنىڭ،
ساپاسى يوق داۋراڭنى سېلىپ.

دېدى: ئۇيىنىڭ ھەممە ئىشىنى،
پەقەت مەنلا ھۆددە ئالغانمۇ؟
شائىر دېدى: رەنجىمە خوتۇن،
ئىشتۇر مۇشۇ شېئىر يازغانمۇ!

شۇ ئىش ئۆتۈپ ئۇزاققا بارماي،
قەلەم ھەققى كەلدى شائىرغا
خۇشال بولۇپ خانىمى شۇدەم
باستى مەھكەم ئۇنى باغرىغا...

## ئۇستاز

### ئىلھامجان ئابلىز

1

ھاياتىمنىڭ ئەلەپكارى، ئانامدىن مېھرى
سەبى قەلبىمگە نۇر تۆكتۈڭ بولۇپ ماھى
گۈدەكلىكتە قىلىپ شاشلىق، سۆزۈڭنى ئىشتى
يامان يولدىن توسۇپ ماڭدىڭ زېرىكمەستىن
ئەقىل شامىنى ياندۇردۇڭ ۋۇجۇدۇمنى
ئەشۇ ئەجرىڭدە چوڭ بولسام مېۋەڭدىن ياير
ئەدەپ - ئەخلاق دىيانەتتىن دىلىمغا زەر تۆكۈ
بىلىم گۈلزارى باغچامدا قۇياشتەك پارلى
بۈيۈك ئالىم ۋە شائىرلار سېنىڭسىز ئەمەس
شۇڭا ئەجرىڭگە قايىلدۇر ئاۋام - خەلقىم ج
ئەقىل كانىنى قازماقتا ئەقىدە باغ
تېرىمدىم ئەلنى كۈلدۈرسەم ئادا ئەجرىڭ ش
دېسەم ھەر چاغ سېنى باغۇەن دىلىم سايرايد
بازار شەنىڭگە شاگىرتىڭ، قەسەمدە ھەر قا

## سىڭلىمغا

### ئەيسا سايىم

ئەسەبەت شۇ ساڭا سىڭلىم ئۆزەڭنى پەلەكە
ئاكاڭنىڭ سۆزىگە دائىم ئەمەل قىل، ئې
ساخاۋەتلىك ئانا مەكتەپ بىلىمنىڭ كانىدۇ
ئەشۇ كاندىن قېزىپ گۆھەر ئۆزۈڭنى بەخ
بۇتۇن زېھنىڭنى سەرپ ئەتكىن، بىلىمنىڭ قەد
غەنىمەت بىل گۈزەل ياشلىق چېغىڭنى ئەۋ ب
ئەدەپلىك بول، ئۆزۈڭنى ئارت ھاياتىڭ بولس
ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتنى ئۆمۈرلۈك بىر
ۋاقىتنى بوشقا ئۆتكۈزمەي قوچۇپ بۇ يولدا شا
شۇ غەلىبەڭدىن يېزىپ مەكتۇپ ئاكاڭغا يا

## ئوخشايدۇ

### ئالاھىدىن ئابدۇرېشىت

ماڭا شۇدەم قىزچاق ئاچقان بۇ تۇپراق زەرگ
چېكىلگەن خالى ھۆسنىگە تۇمەن ئەختەرگە
باراقسان ھەرگىيا چېھرى سەبى قەلبىمگە ز
يېيىپ سۇمبۇل چېچىنى نازغىنان دىلبەر
لىۋىمگە ئاقىدۇ گويا يۈيۈپ سۆيگۈمنى
سۆيۈپ قانمايدۇ قىرغاقنى، سۈيى كەۋسەرگ
كۆيۈشكەن تاشلىرى تاقىردالاغا ئۆز م
كۆزۈمنىڭ قارچۇقىدىن بىباھا گەۋھەر
ساما بېتىگە چاچرايدۇ ئۇيۇقىنىڭ لەز
سۆيۈپ ھېچ قانمىغان تىك چوققىلار شەمشەرگ
جۇلالىق رەستىلەر ئوتلاق يۈرەكلەرنى
ئوراپ ئۆز جىسمىنى ھەريان يېيىلغان پەرگ
غىدىقلايدۇ دىماقىمنى سېلىپ جى
ھاۋانى قاپلىغان تۇپراق ھىدى ئەنبەر
دىيۇمەكىم كېلىدۇ پۇشقاق تۇرۇپ ئۆپۈ
ئەي غەۋۋاس، بۇ ئانا تۇپراق، گۈزەل ئۆلكە


بىزنىڭ ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9- قورا ※ 1986- يىل 1- سېنتەبىر نەشىردىن چىقتى

## ئۇستازغا

تۇرسۇن ئابدۇقادىر

مۇئەببەرگە چىقىڭىز مېھرىبان ئۇستاز،
شائىلىقتىن چاقنايدۇ ئوتلۇق چېھرىڭىز.
تەكتى يوق بۇلاقتىن ئوخشىغان سۆزدەك
سەبىلەر قەلبىگە ئاقار مېھرىڭىز.

سىز بىلەن يورۇيدۇ ئىنسانلار دىلى،
سىز بولغاچ سۆزلەيدۇ ئادەملەر راۋان.
يوللارغا ئىنتىلەيسىز نۇرلۇق ماياكتەك،
سەپەردە سىزگىلا ئەگەشەر كارۋان.

سىز ئاچقان يول بىلەن مىڭىپ ئىنسانلار،
يۇلتۇزغا ئۇچماقتا، ئايدىنمۇ ھالقىپ.
سىز بولغاچ كۈنمۇ ھەم ئوخشار كۈندۈزگە،
بىر ئەمەس مىڭلاپ «كۈن» چاقنايدۇ بالقىپ.

شۇڭلاشقا مەدھىيە ئوقۇيمىز سىزگە،
بىزگە جۆر بولىدۇ يەر-كۆك، ئاسمان،
ئەي ئۇستاز شەنىڭىز بولمايدۇ ئادا،
يازساقمۇ ئۇلۇغلاپ مىڭلىغان-داستان.

## كۆۋرۈك

ھېيت مۆمىن

كۆۋرۈك- كۆۋرۈك قىممىتىڭ زور ئەي كۆۋرۈك،
تاغقا ئالدىم سېنى ھەر خىل سۈپەتتە.
سۈپىتىڭدە گەر پەرقلەر بولسىمۇ،
تەرىپلەيمەن لېكىن بىر خىل ھۆرمەتتە.

«ئەسسەن-ھۆسەن» دەيمۇ ئەگمەچ نۇر قۇشنى
يا بولمىسا دەيمۇ ۋىسال ھالقىسى
ۋە يا تۈندە يۇلتۇزلارغا ئوت سالغان،
بىخو بار پاك، تولۇن ئاينىڭ پارچىسى.

يېقىن قىلدىڭ يىراق- يىراق دۇنيانى،
تۇتاشتۇرۇپ ئۇزۇن- ئۇزۇن يوللارنى.
باغلىغاندەك گويا سۆيگۈ رىشتىسى،
ئاداۋەتلىك ۋە يات-يۇچۇن دىللارنى.

كۆك دولقۇنلار سۆيۈپ ئۆتەر ئاستىڭدىن،
ئۈنچە-مارجان چېچىپ ئۈستى بېشىڭغا.
قۇشلار ئەگىپ، ئۇچۇپ ئۆتەر ئۈستىڭدىن،
خىجىل بولۇپ كېلەلمەيدۇ قېشىڭغا.

كۆۋرۈك-كۆۋرۈك ئۆتەر سەندىن ھەر نېمە،
ئادەم تۈگۈل ھەممە نەرسە ئىز سىلىپ.
بار قىممىتىڭ چۈنكى ئەشۇ خىسلەتتە،
شۇڭا سۆلار ئاقار ساڭا كۈي قېتىپ.

بەختلىكمەن بولسام شۇنداق بىر كۆۋرۈك،
چېتىپ تۇرسام يىراق-يىراق يوللارنى.
راۋان ئېقىپ تۇرسا سۆيگۈ دەرياسى،
تۇتاشتۇرسام يىراق ۋە يات دىللارنى.

## بەخت قەسىدىسى

ئابلىز ھەسەن

سېنىڭ نەزەرىڭدە گەر يوق بولسامۇ،
مېنىڭ نەزىرىمدە سەن بار مەڭگۈگە.
قەبىھ دۈشمىنىڭگە تىغ-ئوق بولسامۇ،
مىننەتسىز ياشايمەن تىنماي بىر كىمگە.

كەيىم كۆتۈرۈلسە يىگەن ئانامنىڭ
نەدىن كېلىشىنى ئالمىسام ئەسكە؛
جازاسىغا تەھقىق ئۇچراي ئانامنىڭ،
گەر سېنى ئۇچراتسام تۆھمەتكە قەستكە.

راستى راست - يالغىنى يالغان كۆپ
كەينىڭ،
قەددىمىم ئەينەكتەك گۇۋا سۆزۈمگە.
نېمىشى مەن ئالدىدا تۇرمىسام سېنىڭ،
ئانام گۆردىن كۆيە سۈرسۈن يۈزۈمگە.

ھەقىقەت قەيەردە نەزمە شۇيەردە،
نەزمەمدىن ئىنتىزەك ساڭا يۈكرەيمەن.
ئېقىنىڭغا سۈدەك تۈندە، سەھەردە،
قوشۇلۇپ كەتسەم ئاھ قانداق تۈگەيمەن؟

قۇزغايدۇ قەلبىمدە جۇشقۇن مۇھەببەت،
ھەقىقەت ۋەتەن، خەلق-بەخت بۇ ئۈچى،
ياشارتىپ تۇرسەن مېنى تا ئابەت،
ئەي يەڭگۈچ بەختىنىڭ مۇقەددەس كۈچى.

## تاغ گۈلى

داۋۇتجان سەيدىن

ئۆسسەن قىيانىڭ باغرىدا كۆركەم
رەڭمۇ-رەڭ چېچەكلەپ، شاخلاپ تاغ گۈلى.
تۇرسەن تاغلارنىڭ زىننىتى بولۇپ،
ھەر ۋاقىت جىلۋەقىپ چاقناپ تاغ گۈلى.

ھېچ كىشى تېرىماس، سۇغارماس سېنى،
ۋەقاشا دالدا قىپ ئاسرىماس ھەرگىز.
يىلتىزىڭ تاشلارنى يارغاچقا تېرەن،
كۆكلەيسەن ياپ - يېشىل، گۈزەلسەن
چەكسىز.

قاپچە كار قىلالماس پىژغىرىم ئىسسىق،
خۇش پۇراق چاچىسەن چاڭقىماي،
سولماي،
چىقسىمۇ جۇت بوران يا قىرمۇ، مولدۇر،
تۇرسەن مەردانە تۈزۈلمەي، سولماي،

تاغ گۈلى قەلبىمدە ئۇلۇغ بىر گۈلسەن،
مەن ئۈچۈن خىسلىتىڭ بىر ئۈمۈر ئۆرنەك،
مەنمۇ تاغ ئوغلىمەن تاغدا چوڭ بولغان،
ياشايمەن مەردانە، تا ئەبەت سەندەك.

## مەن مۇئەللىم

(بىر ئوقۇتقۇچى تىلىدىن)

مۇھەممەد مۇسا

مەن مۇئەللىم يەڭ گۈلزارىدا،
غۇنچىلارنى پەرۋىلەپ ئۆستۈرگەن.
كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرىدىن،
يۈكسەك تەلەپ ئۈمىدلەر كۈتكەن.

مەن مۇئەللىم، قەلبىم بىر بۇلاق
ئىلىم پەننىڭ كەۋسىرى تولغان.
ئابىي زەمزەم بېرىپ ئەۋلادقا،
ئۈزۈلمەس سەپ ئالدىدا ماڭغان.

مەن مۇئەللىم چاچلىرىم ئاپئاق
ئاڭا رەڭدار قەلبىممۇ ئاپئاق
ياشلىقىمنى ئەۋلادلار ئۈچۈن
قىلدىم تەقدىم قىلدىم شام چىراق

مەن مۇئەللىم، يېڭى زاماندا،
يېڭىباشتىن قەددىمنى تاپتىم.
ھۆرمەتلىدى مېنى ھەممەيلەن،
ئەل مېھرىدە ئۆركەشلەپ ئاقتىم

مەن مۇئەللىم، ئەل ئۈمىدىنى
شەرەپ بىلەن ئاقلىماق ئەھدىم.
جاۋابىمدىن ئەل بولسا رازى،
ئەشۇ مېنىڭ تەڭداشسىز بەختىم.

## تەھرىر

ياقۇپ ئىسمايىل

تۆكۈپ سۆزدىن دور دانە،
ئۆتەر ھەر بىر كۈنلىرىڭ
بەزى كۈنگە ئۇلىشىپ،
كېتەر ھەتتا تۈنلىرىڭ.

شۇنداقتىمۇ ۋايسىماي،
ئىشلەيسەن جان كۆيدۈرۈپ.
ئەجرىڭ بىلەن ئەسەرگە،
قايتىدىن جان كىرگۈزۈپ.

تۈرلۈك ئەسەر سەن بىلەن،
تۈزۈلمەر جانلىنار،
ئاپتور ھەمدە كىتابخان،
ئەمگىكىڭدىن شادلىنار.

ئۆز نەپسىڭگە چوغ تارتماي،
سەرپ قىلىسەن كۈچۈڭنى.
توختىماستىن تەر تۆكۈپ،
ئورۇنلايسەن بۇرچۇڭنى.

گېزىتنىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى (6) تېلېفون: باش مۇھەررىر ئىشخانىسى 27885- ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم ئىشخانىسى 25064

مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر ئاڭا تىرەك قويىدۇ.
مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر ئۇنى پۇتاپ تۇرىدۇ.

—— ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن

دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق
ئەل سۆيگىنىنىڭ يولى ئوچۇق

تەدبىرىڭ قانداق بولسا
تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر

ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ
مەزىسى يوق ئىشىنىڭ

تەكەببۇرلۇق بارچە تىلدا ئەيىب قىلماق،
قىلمىقلارنىڭ ئەڭ رەزىلى، چىركىن، پەسلىق،
ساناپ كېلىم ئۇنى «ئۇلۇغ مەن» دېسە،
دېمەس ياخشى خالىق، خالايىق-خەلق،
تەكەببۇرلۇق تونىنى كېيگەن بولسا ئىنسان،
خادىيغان بولغۇسى گەر تىلىش بىرەر ھال!

ئەخمەت يۈكنەكى

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق
ھورۇننىڭ جېنى تاتلىق

يېمىزنىڭ يارىشتى يوق
غېمىزنىڭ ياغىتى يوق

توغرا سۆز تاش يارار
ئەگرى سۆز باش يارار

ئابلىكىم ئەمەتنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما



# خاراكتېر ۋە ئۆمۈر

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يۈرەك كېسەللىكى يۇقتۇرۇۋېلىش، خاراكتېرى قوپال ئادەمنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا ئۈچ ھەسسىدىن كۆپ بولغان، بىر قېتىم ئاچچىقلىنىشنىڭ نېرۋىغا ۋە ھۆجەيرىلەرگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى 10 قېتىملىق يېيىلگەن دورىمۇ تولۇقلىيالمىغان. بەزى كىشىلەر ساغلام ئەر – ئايالغا ئىزوتوپ ئىشلىتىپ مېڭىنىڭ قان ئايلىنىش مىقدارىنى ئۆلچىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە غەمكىنلىك ھالىتىدىكى پسىخولوگىيە تەجرىبىسىنى ئىشلەپ، مېڭىنىڭ قان ئايلىنىش مىقدارى بىلەن غەمكىنلىك ھالىتى ئارىلىقىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلغان، خۇلاسىدە ئىسپاتلىنىشىچە، مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، غەمكىنلىك دەرىجىسى قانچە ئېغىر بولسا مېڭىنىڭ قان ئايلىنىش مىقدارى شۇنچە ئاز بولغان، بۇنىڭدىن ئەگەر مۇشۇ خىلدىكى ئەھۋال داۋاملىق يۈز بەرسە، چوڭ مېڭىنىڭ قېرىپ كېتىشىنى تېزلىتىپ، پۈتۈن بەدەننىڭ بالدۇر قېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى مېڭىڭىزنىڭ ياشلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ھەرگىز غەم – قايغۇ ھېسسىياتىدا بولماسلىق كېرەك.

ئەگەر نورمالنى ئاچچىق ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك غەم ئادەمنى بالدۇر قېرىتىدۇ دېسەك، ئۇنداقتا ئۈمىدۋارلىق، خۇشاللىق سالامەتلىككە ناھايىتى زور پايدىلىق، كۈلكە نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئادەمنى شادلاندۇرىدۇ، بولجۇڭ گۆشلەرنى بوشىتىپ جىددىيلىكنى يوقىتىدۇ، قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ماددا ئالمىشىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ئامېرىكىلىق بىر پسىخولوگىيە پروفېسسورى 3000 نەپەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بايقاش نەتىجىسىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرى قۇۋۋەتتىن بولماستىن بەلكى ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئۈمىدۋارلىق تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنى ساقلىيالىغانلىقىدىن بولغان، بۇ يەردە چۈشەندۈرۈش زۆرۈر بولغىنى ئۈمىدۋارلىق چەكسىز خۇشاللىققا تەڭ بولمايدۇ، بەزى ئادەملەر غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا، يېرىلىپ كەتكۈدەك غەزەپكە كېلىدۇ، خۇشاللانغان ۋاقىتتا چەكسىز خۇشاللىنىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ ئۆزىلا نېرۋىنىڭ بەك قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، بۇ خىل ھېسسىياتچىلىرىنىڭ غەزەپ ۋە خۇشاللىقنى كونترول قىلىشى نورمالسىز بولۇپ، بۇ سالامەتلىككە نىسبەتەن تېخىمۇ پايدىسىز.

ھېسسىياتنى كونترول قىلىش دەرۋەقە ئىنتايىن مۇھىم، ھەرىكەتنى تىزگىنلەشكىنىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ، ھاراق، تاماكىنى دوست تۇتۇش ئىقتىسادىي يۈكنى ئېغىرلاشتۇرۇپلا قالماي، يۈرەك قان تومۇرلىرىنى غىدىقلاپ، راك قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ، بەزى ياشلار بۇ قائىدىنى چوڭقۇر چۈشەنسىمۇ لېكىن ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى تۇتالمايدۇ. قانداق قىلغاندا روھىي ھالەت جەھەتتىكى تۇراقلىقنى ساقلىغىلى بولىدۇ، ھالقىلىق مەسىلە، كۈچلۈك ئىرادىنىڭ بولۇشىدا، كۈچلۈك ئىرادە بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش ئىشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆزىنى كونترول قىلىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم تېخىمۇ ياشىرىپ، سالامەتلىكى ياخشىلىنىپ ياشلىق باھارىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلىيالايدۇ. (9)




ئاۋۇت ساۋۇت



مۇخبىرلىق كىشىلەرنىڭ ھەۋەسىنى قوزغايدىغان شەرەپلىك بىر خىزمەت. ئەمما بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش ئانچە ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن جاپادىن قورقماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، يۈكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە يۇقىرى كەسپىي ئىقتىدارى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. يولداش ئابلىز ئابدۇرېھىم مانا مۇشۇ تەلەپلەرنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن شىجائەتلىك ياش مۇخبىردۇر.

ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن تارتىپ ئەلاچى ئوقۇپ كەلگەن دېھقان پەرزەنتى ئابلىز 1973-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ ئۆزىگە كەلگەن بۇ ئامەتتىن تولىمۇ ھاياجانلانغان. شۇنداقلا ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەن كۈندىن باشلاپلا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ پارتىيە، خەلقنىڭ غەمخورلۇقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىگە كەلگەن، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ تۆت يىل ئوقۇش جەريانىدا ئۇدا ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى، مۇنەۋۋەر سىنىپ كادىرى بولۇپ باھالىنىپ كەلگەن ۋە 1975 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن، 1977 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا تەقسىم قىلىنغاندا رادىئو ئىستانسىسى رەھبەرلىكى ئۇنى مۇخبىرلىق قىلىشقا بەلگىلىگەن. مۇخبىرلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى بىر ساھە بولۇپ، بۇ خىزمەتنى ئىشلەشتە ئاردىسالدىلىق كېلىپ چىققان. رەھبەرلىك ۋە يولداشلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا ئۇ مۇخبىرلىق خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش قارارىغا كەلگەن. مۇخبىرلىق دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئاسان خىزمەتتەك تۇيۇلغان بولسا، ئەمەلىي مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كەلگەن. شۇنداقتىمۇ يولداش ئابلىز يۈكسەك شىجائەت بىلەن دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلغان، پېشقەدەملەرنىڭ ياردىمى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا مۇخبىرلىقنىڭ بىر يۈرۈش قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگەللەپ، سۈپەتلىك، قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولغان خەۋەر ماقالىلارنى يېزىپ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان. يازغان ماقالىلىرى ئېلان قىلىنماي قالغان چاغلاردىمۇ ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەي، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ئەتراپلىق ئىزلەنگەن. ئۇ توققۇز يىللىق مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا نەق مەيدان تەسىراتىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قاتناش قولايسىز بولغان بايىنبۇلاق يايلاقلىرىدىن تارتىپ، شارائىتى ناچار بولغان چەرچەن، چارقىلىق، نىيە ناھىيىلىرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئىلغار كوللېكتىپ، مۇنەۋ-

## مەدەنىي ھايات

ۋە شەخسىيلەرنىڭ تەسىرلىك ئىش-پائالىيەتلىرىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ، ئۇلارنى ھەر قايسى سەپلەردىكى خىزمەتلەردە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرغان. ئۇ ھازىرغىچە 700 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر، كىرىشتۈرمە خەۋەر، تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە نەق مەيدان خەۋەرلىرىنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرىدە كۆپتۈرمىچىلىك، مۇبالىغىچىلىك، يالغانچىلىق ئىللەتلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تا بۈگۈنگىچە پاكىت خاتالىقى كۆرۈلمەي ئىشلىتىش ئۈنۈمى 99%كە يەتكەن. ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرىنىڭ ئىچىدە «ئۇلۇغ ئارزۇ يولىدا»، «ئىجتىھات ۋە مول مېۋە»، «پامىر ئېتىكىدىكى ئادۇوكات» دېگەن ماقالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى خېلى زور بولغان.

1985 - يىلى دىلبەر يۈنۈسنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكى ۋە كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىدىن بەرگەن نەق مەيدان خەۋىرى، ئۆتكەن يىلى «1 - ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمى» توغرىسىدا ئۈرۈمچى خەلق باغچىسىدىن بەرگەن نەق مەيدان خەۋىرى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بولۇپ، رەھبەرلىك ۋە ئاممىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئاخباراتچىلىق پارتىيە سىياسىتىنى ئاممىغا يەتكۈزىدۇ، تارقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاممىغا تايىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا شەھەر، يېزا- قىشلاقلاردىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يېڭىلىقلارنى يالغۇز كەسپىي مۇخبىرلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تايىنىپ ئەكس ئەتتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدەك يېرى كەڭ، قاتنىشى قولايسىز جايغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. يولداش ئابلىز مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 30 نەچچە ناھىيە، 60 دىن ئارتۇق يېزا-چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ئىختىيارىي مۇخبىرلار بىلەن 80 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزگەن ۋە رادىئو ئاخباراتچىلىقى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىگەن. گېزىت-ژۇرناللاردىن پايدىلىنىپ ھەمدە ئۆزىنىڭ مۇخبىرلىق ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ 50 مىڭ خەتلىك ماتېرىيال تۈزگەن.

1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان 3 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ماقالىلەرنى باھالاشتا ئۇنىڭ «مەلىكە مۇھەممەد لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا» ناملىق ماقالىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1985- يىلى ئېچىلغان 4- نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر رادىئو ماقالىلىرىنى باھالاشتا «دىلبەر يۈنۈس يۇرتىغا قايتىپ كەلدى» ناملىق چاتما خەۋىرى ۋە «دېھقانلارنى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەش» دېگەن ماۋزۇدا يېزىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، بۇ يىل ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارىلەر پارتكومى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى.

يولداش ئابلىز ھازىر قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئۇتۇقلىرى بىلەن ھەرگىز قانائەتلىنىپ قالغىنى يوق. ئۇ ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتە دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسى بىلەن بىردەك بولۇپ، چىنلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەممە خىل ئاخبارات خەۋەرلىرىنى كۆپلەپ يېزىپ، شىنجاڭنىڭ رادىئو تەشۋىقاتىنىڭ جانلىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشقا تىرىشماقتا.



# تولستوينىڭ سۆيگۈ خېتى

سوپىيا ئاندرېيېۋنا:

ئەمدى سەۋر قىلغۇچىلىكىم قالمىدى. ئۈچ ھەپتىدىن بۇيان، ھەر كۈنى ئۆز-ئۆزەمگە: «بۈگۈن ھەممىنى ئېيتىمەن» دەيمەن. ۋاھالەنكى مەن يەنىلا ھەسرەت، پۇشايمان ۋەھىمە ۋە خۇشاللىقنى بېسىپ كەلدىم. ھەر كۈنى كېچىسى خۇددى بۈگۈنكىدەك ئازابلانغان ھالدا «نېمىشقا ئېيتالمايمەن؟» -دەپ ئۆز-ئۆزەمگە سوئال قويىمەن.

مۇشۇ تاپ سىزگە بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. ناۋادا سىزگە تەپسىلىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا جۈرئەتسىزلىك قىلسام، ئۇنداقتا بۇ خەتنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىز!

ھېس قىلىشىمچە، ئائىلىڭىزدىكىلەر مېنى ھەدىڭىز لىزانى ياخشى كۆرىدۇ — دېگەن خاتا تۇيغۇدا بولۇۋاتىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. يازغان پوۋېستىڭىز قەلبىڭىزدىكى چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەن بىر نۇقتىنى — مەن — دوبروۋسكى (سوپىيانىڭ رومانىدىكى ئەر باش قەھرىمان، تولۇستوي ئۇنى مەدھىيىلىگەن) نىڭ بەختكە ئىنتىلمەيدىغانلىقىنى، سىزنىڭ مۇھەببەتكە قارىتا گۈزەل شېئىردەك ئىنتىلىشتە ئىكەنلىكىڭىزنى چەزىملەشتۈردۈم. سىز كىمنى ياخشى كۆرىسىز. مەن ھەسەت قىلمايمەن. مەن سىز ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىمەن. گويا بالىلارچە ھېسسىياتتا خۇشال بولۇۋاتىمەن. ئىلگىرى سىزگە خەت ئارقىلىق، سىز بىلەن بىر يەردە تۇرساملا، شۇئان ئۆزەمنىڭ سىزدىن ياشتا چوڭ ئىكەنلىكىم، (ئەينى ۋاقىتتا تولۇستوي 34 ياش، سوپىيا 18 ياش ئىدى) ئېسىمگە چۈشۈش بىلەنلا، بەختكە — دەل سىزگە ئېرىشەلمەسلىك ئېھتىمالى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ — دەپ يازغاندىم.

بىراق شۇندىن تا ھازىرغىچە ئۆزەمنى ئالداپ كەلگەنىكەنمەن. ۋاھالەنكى ئۇ چاغدا، مەن بەلكىم ھەممىنى تاشلاپ، ئۆزەمنىڭ «كۆرەش» «كەسىپ» دېگەن تار مۇناستىرىمغا بېكىنىۋېلىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق مېنىڭ ھازىر ھېچ ئىش بىلەن رايىم قالمىدى. مەن سىلەرنىڭ ئائىلىڭىزنى بىئارامجان قىلىپ قويىدۇمغۇ، سىزدەك بىر سەممىي ئادەمنىڭ ساداقىتىدىن، دوستلۇقىدىن ئايرىلىپ قالىدىمغۇ، — دەپ ئويلايمەن، بىراق مەن سىزدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيمەن، ھەم قىلىشقىمۇ پېتىنالمايمەن. ئەي سەممىي زات، ئاقكۆڭۈللۈك ۋە سوغاق قانلىق بىلەن ئېيتىڭا، مەن قانداق قىلاي؟ بىر ئادەم نېمىنى مەسخىرە قىلسا، ئۇمۇ شۇنىڭغا چۈشلۇق بەدەل بېرىدىكەن. ناۋادا، بىر ئاي ئىلگىرى بىراۋ ماڭا مۇھەببەت ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقىنى ئېيتسا، كۈلگەن بولاتتىم. ھالبۇكى مەن ھازىر دەل ئاشۇ بەختلىك ئازابىنى تېتىۋاتىمەن. ئەي، راستچىل كىشى ئېيتىڭا، سىز مېنىڭ ئايالىم بولۇشنى خالامسىز؟ پەقەت يۈرۈكىڭىزدىن رازى بولسىڭىزلا، دېيەلىلىك بىلەن «بولىدۇ» دەۋېرىڭ، ناۋادا، ئۆزىڭىزگە قارىتا زەررىچە گۇمان بولسا، ئۇنداقتا «بولمايدۇ» دېگىنىڭىز تۈزۈك، ئەگەر مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىڭىزنى بىر دەڭسەپ كۆرۈڭ.

«بولمايدۇ»نى ئاڭلاش ماڭا ناھايىتى قورقۇنچلۇق، مەن بۇ نۇقتىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغانتىم. بىراق بۇنىڭغا چىدىغۇچىلىك كۈچ تاپالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. مۇبادا مەن سىزگە ئەر بولغان ئەھۋالدا، سىزمۇ مېنى، مەن سىزنى سۆيگەندەك سۆيمىسىڭىز، ئۇ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولىدۇ. (5)



# ئالىيجاناپ «ئۆگىنىش» كۆپرەك بولسۇن

جاڭ خەيدى بىر قېتىم كېسەللىكى ئېغىرلاشقاندا: «ئەگەر راستىنلا ئۆلۈپ كەتسەم، ئانچە قورقۇنچلۇق بولمايدۇ، ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، ئىشلىگەنلىرىم تولىمۇ ئاز بولۇپ قالدى» دەپ «ئۆكۈنگەن» ئىدى.

رېيال تۇرمۇشىمىزدا ھەممىشە يەنە بىر خىل «ئۆكۈنۈش» ھېس قىلىدىغانلارمۇ بار. ئالايلى، بەزى ياشلار ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمەي، ئەمدى تۈگەشتىم، بۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشماتتىم، دەپ «ئۆكۈنىدۇ»؛ يەنە بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ «پەس»لىكىدىن، يۇقىرىدا ئەمەل تۇتقان ئاتا-ئانىسىنىڭ، تۆۋەندە «چۆپقەتچى»لىرىنىڭ يوقلۇقىدىن «ئۆكۈنىدۇ»؛ يەنە بەزى ياشلار ئازراق كۈچ چىقىرىپ قويسىلا قالتىس ئىش قىلىۋەتكەندەك ئۆزىنى تۆھپىكار ھېسابلاپ، ئولتۇرسا - قوپسا شان - شۆھرەت، نەپ - مۇكاپات ئالالمىغانلىقىدىن «ئۆكۈنىدۇ» - دە، «زىيان تارتتىم»، «نەس باستى» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنداق خىلمۇ خىل «ئۆكۈنۈش» لەرنى جاڭ خەيدىنىڭ «ئۆكۈنۈشى» گە سېلىشتۇرساق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. جاڭ خەيدىنىڭ «ئۆكۈنۈشى» ئالىيجاناپلىق بولۇپ، دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ئىلگىرىلەش روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك كوممۇنىستىك پەزىلەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ پارتىيە ۋە خەلققە بولغان سادىقلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ھالبۇكى بەزەن ياشلىرىمىزنىڭ «ئۆكۈنۈشى» پاسسىپ سۇلغۇنلۇقىنى، نوقۇل ھالدىكى شەخسىنىڭ پايدا - زىيىنىنى چىقىش قىلغانلىقىنى، ھەممىشە دېگىدەك «نەپ ئېلىش» كويىدا يۈرۈيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەنجەگىدىكى يۈيخۇاتەي ئىنقىلاۋىي قۇربانلار تارىخى ماتېرىياللىرى مۇزېيىنى كۆرگەن يولداشلار مۇزېيدىكى ئىككى مەرھۇمنى ھېلىمۇ ئەسلىيەلىسە كېرەك. ئۇنىڭ بىرى، پارتىيە 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى يولداش لۇدىڭشەن. ئۇ قۇربان بولۇش ئالدىدا: «مەندەك بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ كارايىتى چاغلىق، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازاد قىلىنمىغانلىقى، مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئادا قىلىنمىغانلىقى مەڭگۈ ئۆكۈنىدىغان ئىش بولدى!» دېگەن. يەنە بىرى، مەشھۇر 359 - بىرىگادا سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ليۇ ياشىڭ، ئۇ سەپداشلىرى بىلەن ۋىدالاشقاندا: «كۆڭلۈم ئىممىن تاپىدىغىنى شۇكى، مەن كوممۇنىست دېگەن بۇ نامغا داغ چۈشۈرمىدىم، لېكىن ئۆزەمنىڭ چەكلىك ھاياتىمدا پارتىيە ئۈچۈن تېخىمۇ قىممەتلىكرەك تۆھپە يارىتىپ بېرەلمىدىم، قانچە ئۆكۈنگەن بىلەنمۇ ئازلىق قىلىدۇ!» دېگەن. بۇنداق «ئۆكۈنۈش» پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ «ئالدىنقىلارنىڭ قايغۇسىدىن قايغۇرۇش، كېيىنكىلەرنىڭ شاتلىقىدىن خۇشاللىنىش» ئۆزىنى باشقىلار ئۈچۈن پىدا قىلىشنى ھەرقاچان ئۇنۇتماسلىقتەك ئالىيجاناپ روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەمدۇ؟

شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئاھالىسى ئاجىز دۆلىتىمىزدە نۆۋەتتە ھەممىلا ئىشتا كىشىلەرنى رازى قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ئۆزىنى بېغىشلاش ئىرادىسىنى تىكلىگەن ئىنقىلاۋىي ياشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جەزمەن ئومۇمىي گەۋدىنى تونۇش، ئومۇملۇققا ئېتىبار بېرىش، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قېزىش، خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپرەك ھەسسە قوشۇش كېرەك. (5)

## بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما

## ئاجايىپ بېلىق

سىرلانكىدا «ۋائىباس ئىكەندىنىس» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل بېلىق بار. بۇ خىل بېلىقنىڭ باشقا بېلىقلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ سۇدا ياشاشتەك تەبىئەت قانۇنىيىتىگە بويسۇنماي، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە سۇدىن سەكرەپ چىقىپ، قۇرۇقلۇقتا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆمىلەيدىكەن، بەزىدە ھەتتا سۇ بويىدىن بىر يېرىم كىلومېتىر يىراق جايلارغا بېرىپ، بىرەر ھەپتە قۇرۇقلۇقتا ياشىسىمۇ ھاياتى ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمايدىكەن. بۇ خىل بېلىقنىڭ بېشىنى يېرىپ كۆرگەندە ئىچىدە شەكلى قۇلۇلە قېپىغا ئوخشاش ئۆستىخان بار ئىكەن، ئۇنىڭدا كۆپ مىقداردا سۇ بولۇپ، شۇ سۇ بىلەن ئۆزىنى تەمىن ئېتىدىكەن، شۇڭا سۇدىن ئايرىلغان تەقدىردىمۇ ئەنسىرەش ھاجەتسىز ئىكەن. (4)

(گۈلشەن تەرجىمىسى)

## قار ئايال

قىبىي مۇتەخەسسىس كونۋۇمان ئىسىملىك بىر دوختۇر 19-ئەسىردە ئۆتكەن بىجىرىم بىر قار ئايالنىڭ جەسىدىنى ساقلىغان.

بۇ قار ئايالنى ھايات ۋاقتىدا كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يۈزىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى تۈكلۈك بولۇپ، كىشىلەرنى ھەددىدىن زىيادە ئۆزىگە جەلپ قىلالىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «تەبىي گۈزەل» دەپ تەرىپلەشكەن ئىكەن.

ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاپكاز رايونىدىن تۇتقۇن قىلىنغان بولۇپ ئۇنى تۇتقۇۋالغان شاھزادە ئالبا ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئىنىسى زىرناباغا تەقدىم قىلغان، زىرنابا بۇ قار ئايالغا شەنىنا دەپ ئىسىم قويغان. بۇ قار ئايال خوتۇنلۇق سالاھىيىتى بىلەن زىرناباغا ھەمراھ بولۇپ ئۇزۇن يىللار بىرگە ياشىغان ۋە بۇ جەرياندا ئۇ بەش ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن. (4)

(ھەبىبۇللا سەمەت تەرجىمىسى)

## مائاشلىق مۈشۈك

لوندون شەھىرىدە 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاشقان كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، چاشقانلار پوچتاخانىلاردىكى پوسولكىلارنى يىرتىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. ئالاقىدار ئورۇنلار ئادەم كۈچى ئارقىلىق چاشقان يوقىتىشنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمىغان، شۇنىڭدىن كېيىن 1868-يىلى ئەنگلىيە پوچتا ۋەزىرى قارار چىقىرىپ لوندون پوچتاخانىسىدا ئۈچ دانە مۈشۈك بېقىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. ھۆكۈمەت پوچتاخانىسىدا بېقىلىدىغان بۇ مۈشۈكلەرگە ھەر ھەپتىدە ئىككى ئامېرىكا سىنتى مائاش بېرىشنى بەلگىلىگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، چاشقانلار ئازىيىپ، ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىمۇ زور دەرىجىدە ئازايغان. 1953-يىلىدىن باشلاپ باشقا پوچتاخانىلار مۈشۈنداق باشقۇرۇشنى يولغا قويغان. (4)

(رىشىت راخمان تەرجىمىسى)

## پىنگۋىن مۇزىكا ئەترىتى

ئامېرىكا لۇئىسئانا شتاتىنىڭ سېنىت ـ لۇئىس سىمپونىيە ئوركېستىر ئەترىتىنىڭ ئەڭ ياش، ئەڭ تالانتلىق دىرىژورى رئوناد. سېلگام بىر توپ پىنگۋىن بېقىپ، ئۇلارنىڭ مۇزىكىغا بولغان قىزىقىش ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈشكە تىرىشقان، ئۇزۇن ۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا بۇ بىر توپ پىنگۋىنلار رېتىملىق ئاۋاز چىقىرالايدىغان بولغان.

سېلگام ئادەتتە خۇددى پىنگۋىنغا ئوخشاش ئۇزۇن قۇيرۇق چىقىرىپ كىيىم كىيىدىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 5000دىن ئارتۇق پىنگۋىنگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى يىغىپ ساقلىغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىك تېپىتىكى سىگار تاشتىن ياسالغان پىنگۋىن ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسى بولۇپ، قانداقلا جايغا بارمىسۇن ئۇنى يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىكەن. ئۇ پىنگۋىننى ئۆزىگە ياخشىلىق ئاتا قىلغۇچى جانىۋار دەپ قارىغان. (4)

## قۇرۇق قولدا

ئامېرىكىنىڭ ئوكلاخاما شتاتىدا يەرلىك كىشىلەر «لەغمەن سوزۇش» دەپ ئاتايدىغان بىر خىل بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى بار ئىكەن. بۇ ئۇسۇل ئادەتتىكى بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭدا خادا، قارماق، كۆچۈلا قاتارلىق نەرسىلەر ئىشلىتىلمەي، ئىككى قوللا ئىشقا سېلىنسا بولىدىكەن.

ئۇ يەردە بىر خىل بېشى ياپىلاق بېلىق بولۇپ، ھەر قېتىم بېلىق تۇخۇملايدىغان مەزگىلدە بېلىق تۇتقۇچىلار بېلىق تۇخۇملايدىغان كاماغا قولىنى تىقسىلا ئەگەر بېلىق دەرھال شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ، «تاجاۋۇزچى»نى قاتتىق چىشلەپ تۇرىدىكەن. بۇ چاغدا بېلىق تۇتقۇچىلار ئۇنىڭ كېلىدىن مەھكەم تۇتۇپ كۈچ بىلەن تارتسىلا، بېلىق يۇۋاشلىق بىلەن «قارماق»قا ئېلىنىدىكەن. بۇ خىل بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى بەكمۇ كۆڭۈللۈك بولۇدىكەن. (4)

## سىرلىق ئايروپىلان

ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى (1984- يىلى) مېكسىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇقتا بەش ئايروپىلان پەيدا بولۇپ قالغان. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرى نەق مەيدانغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە: بۇ بەش ئايروپىلان 40- يىللاردا پىرامىدانىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن بىرلىكتە ئىزدېرەكسىز غايىب بولغان ئايروپىلانكەن. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ بەش ئايروپىلاننىڭ ھەممە زاپچاسلىرى ساپ ـ ساق بولۇپ، ھېچقانداق يېرى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغان. باكتالىق بېنزىن قاچىلانغان ئىكەن. پەقەت بۇ بەش ئايروپىلاندىكى 14 ئۇچقۇچىنىڭ ئىزدېرىكى يوق ئىدى. ئۇلار خېلى ئىزلەپ باققان بولسىمۇ، بىرەر يىپ ئۇچىمۇ ئىگە بولالمىغان. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق سىرلىق مۆجىزە بولۇپ، يەنىلا ئالىملارنىڭ بېرىپ ئېچىشىنى كۈتمەكتە. (4)



# پوچۇركا ۋە خاراكتېر

ئەينەكتىن ئۆز ئەكسىنى كۆرگىلى بولغانـدەك بىر كىشىنىڭ پوچۇركىسىدىنمۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

1. خەتنى تەكشى، تۈز، رەتلىك يازىدىغانلار؛ ياخشى مىجەزلىك كىشىلەردۇر. بۇ ئۇلارنىڭ مۇلايىم، ئېھتىياتچان، ئىش قىلغاندا تەمكىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

2. خەتنىڭ ھەرپ بېشىنى ئۇچلۇق، ئىنچىكە يازىدىغانلار؛ تېتىك، تەشەببۇسكار ۋە ئۆزىگە ئىشەنچە قىلالايدىغان كىشىلەردۇر.

3. خەتنى ناھايىتى چوڭ يازىدىغانلار قىزغىن، جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. لېكىن ئۇلاردا مۇكەممەل بولۇش پوزىتسىيىسى كەمچىل بولىدۇ.

4. خەتنى بەك كىچىك يازىدىغانلار؛ ئەتراپلىق ئىش قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلاردا شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتكە قارايدىغان، مەسىلىلەرنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئىقتىدار بولىدۇ.

5. خەتنى ئىخچام، ئوچۇق يازىدىغانلار؛ ئىشەنچلىك كىشىلەردۇر. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ ئادىل، راستچىل، مەردانە، كۆڭلى يۇمشاق، بەختسىزلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلالايدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

6. خەتنى باشقىچە، مۇستەقىل ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ يازىدىغانلار؛ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىدىغان، بىر ئاز شەخسىيەتچى، ئىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلەيدىغان، دەككە - دۈككە ئىچىدە قايغۇرۇپ يۈرىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار باشقىلارغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەسلىك پوزىتسىيىدە بولىدۇ. ئىچىدىكى ھەقىقىي تەسىراتىنى يوشۇرىدۇ.

7. ھەربىر ئېغىز گەپ ئارىلىقىدا بوشلۇق قالدۇرۇپ خەت يازىدىغانلار؛ ئوچۇق - يورۇق بولۇشنى ياخشى كۆرىدىغان، سەممىي كىشىلەردۇر.

8. خەتنىڭ ھەرپلىرىنى بىر-بىرىگە ھىم قىلىپ يازىدىغانلار؛ ھەرقانداق ئىشتىن ئېھتىيات قىلىپ جىممىدە يۈرىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇنداقلار يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ.

9. ئاستا خەت يازىدىغانلار؛ سەزگۈر، ئېھتىياتچان، تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە ماھىر كىشىلەردۇر. ئەمما ئۇلار كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. تۇيۇقسىز سورىغان گەپلەرگە تېز جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

10. خەتنى بەك ئىتتىك يازىدىغانلار؛ ھېسسىياتقا باي، قىزغىن، ئىشەنچلىك كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئەشۇ مول تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى ۋە يۇمۇرلۇق ھېسسىياتى ئۇلارنى يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا ناھايىتى زور ئۇتۇققا ئىگە قىلىدۇ.

11. خەتنىڭ ھەرپلىرىنى سوزۇپ يازىدىغانلار؛ دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان، ئۆز ئارا بېرىش-كېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەردۇر.

12. خەتنى بەك زىچ يازىدىغانلار؛ خۇسۇسىيلىقى ئېغىر، كەمسۆز كىشىلەردۇر. ئۇلاردا يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بىرخىل خاراكتېرى بولغاچقا، باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ ئىش قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. پۇل، مال - مۈلۈككە كەلگەندە تولىمۇ ھوشيار بولىدۇ.

13. خەتنى دىيىش ساناپ، بەك ئىمدىتلاپ يازىدىغانلار تولىمۇ مۇتەئەسسىپ كېلىدۇ، ئىش قىلغاندا توغرا، تەرتىپلىك بولۇشقا بەك ئېتىبار بېرىدۇ، خاتا بولۇپ قالارمىكىن دەپ تولا ئەنسىرەيدۇ.

14. خەتنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا يازىدىغانلار؛

بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما

بىرەر ئىشقا يولۇققاندا ئاسانلا ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ، يېنىكلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىشە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

15. قۇر ئارىلىقىنى كەڭ قويۇپ خەت يازىدىغانلار، باشقىلارغا كەڭ قورساق، مەرت كېلىدۇ.

16. قۇر ئارىلىقىنى ناھايىتى زىچ قىلىپ خەت يازىدىغانلار؛ باشقىلارنىڭ قوماندانلىق قىلىشىغىلا قاراپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار بەزىدە ئىنتايىن كاچىلىق قىلىدۇ.

17. خەتنى يېنىك، كۆچمە يازىدىغانلار؛ كەمتەر، مەدەنىيەتلىك كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ شەيئىلەرگە قارىتا پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ. لېكىن غەيرىتى يېتەرسىز كېلىدۇ.

18. خەتنى ناھايىتى كۆچەپ يازىدىغانلار؛ باشقىلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىۋالىدىغان، ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىپ كېتىدىغان، مەنپەئەتپەرەس كىشىلەردۇر.

19 خەتنىڭ قۇرلىرىنى يۇقىرىغا قىيسايتىپ دولقۇنسىمان يازىدىغانلار؛ خۇشخۇي، ئۈمۈتۋار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىلا ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىشە روھىي كۆتۈرەڭگۈ كېلىدۇ. ئۇلاردا ئۇلۇغۋار غايە بولىدۇ. ھەمدە ئۇنى ناھايىتى زور قىزغىنلىق ۋە قايناپ تاشقان زېھنى قۇۋۋىتى بىلەن ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

20. خەتنىڭ قۇرلىرىنى تۆۋەن تەرەپكە قىيسايتىپ يازىدىغانلار؛ يۇقىرىغا ئىنتىلىپلا تۇرىدىغان، بىردەم خۇشال بولسا، بىردەم قايغۇرىدىغان، ھامان باشقىلارنىڭلا خاتا دەپ ھېس قىلىدىغان ئۈمىتسىز كىشىلەردۇر.

21. خەتنى ئوڭ تەرەپكە قىيسايتىپ يازىدىغانلار؛ قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق، مېھرىبان كىشىلەردۇر. ئۇلار باشقىلارنىڭ بەختىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھەربىر سۆز ھەرىكىتىدە سەمىمىي كېلىدۇ.

22. خەتنى سول تەرەپكە قىيسايتىپ يازىدىغانلار؛ تەھلىل يۈرگۈزۈشكە ۋە ئىلمىي ھالدا ئىشلىتىشكە ماھىر كىشىلەردۇر. ئۇلار ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلمايدۇ، ئاقىلانىلىق بىلەن ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلالايدۇ. (8)

## ئۆزىنى كونترول قىلالمىغاندا

تۆمۈرچى ئۇستىلارنىڭ قىزىستىلغان قىپ - قىزىل تۆمۈرنى سوغۇق سۇغا چىلايدىغانلىقىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇ، «سۇغۇرۇش» دېيىلىدۇ. سۇغۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان سايمانلار تېخىمۇ پۇختا بولىدۇ، ئۇزاققىچە چىدايدۇ.

بەزى قىز - يىگىتلەر «بىر كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بولۇشۇپ» تونۇشقىنىغا بىرەر ئاي بولا - بولمايلا مۇھەببىتى «قىزىنىش» باسقۇچىغا كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ئاسانلا ئەس ھۇشىنى يوقىتىپ يىگىتكە ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. يىگىت بولسا يەنە باشقىدىن يېڭىسىنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. بۇخىل مۇھەببەت تىراگېدىيىسىنىڭ سەۋەبى ئەخلاق ئامىلىدىن باشقا يەنە ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر ئىش تۆمۈرچى ئۇستىغا ئوخشاش، «سۇغۇرۇش» كەمچىل بولغانلىقىدىن ئىبارەت. مۇھەببەتنى سۇۋۇتۇپ ھەل قىلىش دېگەن نېمە؟ بۇ، قىزغىن مۇھەببەتلىشىش باسقۇچىدا ھەر ئىككى تەرەپ مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ، ئاقىلانىلىق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر - بىرىنى كۆزىتىش، ھەمدە ھادىسىدىن — ماھىيەتكە ئۆتۈش ئارقىلىق مۇھەببەت مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى توختىتىپ قويۇشنى بەلگىلەش كېرەك دېگەنلىكتۇر. ياشلار مۇھەببەتلىشىش جەريانىدا كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز ھېسسىياتىنى ئاقىلانىلىق ئورنىغا قويۇپ، قارشى تەرەپنىڭ كەمچىلىكىنىمۇ ئارتۇقچىلىق دەپ ھېس قىلىپ كەلگۈسى تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان بەزى ھالقىلىق مەسىلىلەرگە سەل قارايدۇ. بۇنداق مۇھەببەت مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاسانلا تىراگېدىيىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. (5)

(تۇرسۇن نىياز تەرجىمىسى)


كۆيۈمچان باغۋەن
1. يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزا 9- كەنت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى كومپارتىيە ئەزاسى شايىمەنسا پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، يېڭى ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشكە سەرپ قىلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتەردى. ئۇنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىتتىكى ئەمگىكى ئالاھىدە بولغاچقا ئىككى يىلدىن بېرى ئىلغار تەربىيىچى بولۇپ باھالىنىپ كەلدى.
2. ئوقۇغۇچىلارنى دەرسخانىدا ياخشى يېتەكلەپلا قالماي، ئۇ دەرسخانا سىرتىدىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ ئۆز يېنىدىن 30 يۈەندىن كۆپرەك پۇل چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن 16 دانە سېتىۋېلىپ، سىنىپتا بىر كىچىك قىرائەتخانا قۇرۇپ بەردى.
كىتابخانىسى
3. دەرسنى ياخشى ئۆتۈش ئۈچۈن، پۇختا تەييارلىق قىلىش كېرەك. شايىمەنسا دەرسلەرنى ئەتراپلىق، پۇختا تەييارلاش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ئوقۇدى. قىيىن نۇقتا ۋە مۇھىم دەپ ھېس قىلغانلىرىنى ئايرىم خاتىرىلەپ ماڭدى. چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىغىچە ئارام ئالمىدى.
4. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقى دەپ بىلدى. ئۇ ئۆز سىنىپىدىكى ئىقتىسادى قىيىنچىلىقى بار 14 نەپەر ئوقۇغۇچىغا بۇ يىل 3- ئايدا 31 يۈەن قىممىتىدىكى ئوقۇش كىتابىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە ئالتە ئوقۇغۇچىغا ئالتە دانە قەلەم ئېلىپ بەردى.
5. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن كىيىم - كېچەكلىرىنى، ۋاقتى - ۋاقتىدا ياماپ كىيىشنى كۆزدە تۇتۇپ، سىنىپتا بىر كىچىك تىككۈچىلىك ياماقچىلىق كارخانىسى قۇرۇپ، 105 ئادەم - قېتىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ - ياماپ بەردى. بۇنىڭدىن ئاتا - ئانىلار بەكمۇ رازى بولۇشتى.
6. شايىمەنسا ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىتىشكە، ئوقۇغۇچىلارغا ھارماي ئۆگىتىشكە سەرپ قىلغانلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەرتەرەپتىن كۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈن ئىككى يىلدىن بېرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 100 پىرسەنتتىن چۈشمىدى.
(ماجى ھەمات)



# مارس ھەققىدە يېڭى بايقاش

ئامېرىكا ئالىملىرى ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان مەخسۇس سۆھبەت يىغىنىدا، مارستا سۇ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

سۆھبەت يىغىنىدا، تەخمىنەن 80 نەپەر مۇتەخەسسىس ئۆزلىرىنىڭ مارسنى چارلىغۇچى ئەسۋابلىرى توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىنى دوكلات قىلغان.

ئۇلار مۇنداق دېگەن: مارستا تېمپېراتۇرا ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئۇ يەردىكى سۇلارنىڭ ھەممىسى مۇزغا ئايلىنىپ كەتكەن. بىراق، ياز كۈنلىرى مارسنىڭ ئېكۋاتورىسىدا سۇ بولىدۇ. گەرچە مارسنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ئاتموسفېرادا 95 پىرسەنت كاربون تۆت ئوكسىدى بولسىمۇ ئۇ ئىنفىرا قىزىل نۇرنى سۈمۈرۈۋالالايدۇ، لېكىن بۇ قاتلامدىكى ئاتموسفېرا بەك نېپىز بولغاچقا ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى توسۇيالمايدۇ. مۇز پارچىلىرى ئىچىدە قاتتىق كاربون تۆت ئوكسىدى يوشۇرۇنۇپ ياتقاچقا، مارسنىڭ يۈزىدە قۇتۇپ تاجى شەكىللەنگەن، ھەر يىلى يازدا بىر قىسىم قاتتىق كاربون تۆت ئوكسىدى ھاۋاغا ئايلىنىپ كېتىپ، مۇز پارچىلىرى ئېرىشكە باشلايدۇ.

مارستىكى تاشلار نەمدىن ئۇپراپ يۇمىلاق بولۇپ قالغان. مارسنىڭ يەر قاتلىمىدا شەكىللەنگەن بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭدا سۇ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئالىملار مارسنىڭ يۈزىدىن 0.8 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقتا سۇنىڭ ئېقىشى مارسنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى قارمۇزلارنى ئېرىتىپ سۇ پەيدا قىلغانلىقىدا، دېگەن ئىشەنچىدە بولماقتا.

مارسنىڭ يانتۇ گەۋدىسى قوياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ. شۇڭا مارستىكى ھاۋا كېلىماتىنىڭ دەۋر خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى دەل يەرشارىدىكى ھاۋا كېلىماتىنىڭ دەۋر خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشىگە ئوخشايدۇ.

قەدىمكى دەۋردە، مارسنى ئوراپ تۇرغان ئاتموسفېرا ھازىرقىغا قارىغاندا كۆپ قويۇق بولۇپ، قۇياشتىن كەلگەن ئىسسىقلىقنى تېخىمۇ ياخشى ساقلىيالايتتى. (ئەينى ۋاقىتتا بەلكىم قېلىن قارلار مارس ئېكۋاتورىسىنى يېپىپ تۇرغان، قار ئاستىدا سۇ ئېقىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان ئورغۇنلىغان ئەگرى-بۈگرى قۇرۇق دەريا ئېقىنى شەكىللەنگەن بولسا كېرەك.) 1972-يىلى دېڭىزچىلار ناملىق ئۇچۇش ئەسۋابى بۇ قۇرۇق دەريا ئېقىنىنىڭ رەسىمىنى تارتىپ كەلگەن ئىدى.

مارس پەيدىنپەي سۇۋۇپ بارغانلىقتىن، مارستىكى مۇھىتمۇ ئۆزگەرگەن، مارسنىڭ يۈزىدىكى لاۋىلار ئېچىلىپ قېلىپ بارغانسېرى ئازىيىپ بارغان، بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان كاربون تۆت ئوكسىدى لاۋىلارنى كاربون تۇزلىرىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاتموسفېرادىكى كاربون تۆت ئوكسىدىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى بارغانسېرى ئازىيىپ بارغان، نەتىجىدە مارسنى ئوراپ تۇرغان ئاتموسفېرا پەيدىنپەي ئىسسىقلىقنى يىغىۋېلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان.

تەتقىقاتچىلار مۇنداق دەپ قارىغان: مارسنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى كېلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىلىۋېلىش، ئىنسانلارنىڭ يەرشارى ھاۋا كېلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە بىلىۋېلىشىغا ناھايىتى چوڭ ياردىمى بولىدۇ. (8)



# ئالەمدىن ئۇچۇر



# باشقىلارغا تەسەللى بەرگەندە

تۇرمۇشتا بىز دائىم باشقىلارنىڭ تەسەللى بېرىشىگە مۇھتاج؛شۇنداقلا باشقىلارمۇ تەسەللىگە مۇھتاج. لېكىن بىر دوستىمىز ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسا، سىز دوختۇرخانىغا ياكى ئۆيىگە ئۇنى يوقلىغىلى بارغاندا، «بىر مەزگىل خاتىرجەم دەم ئېلىڭ، ئۇزۇن ئۆتمەي چوقۇم سەللىمازا ساقىيىپ ئورنۇڭىزدىن تۇرىسىز» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىسىز. بۇنداق سۆزلەر ياخشى نىيەتلىك ئۈمىدبولۇپ، تەسەللى بېرىشكە كىرمەيدۇ. سىز ئاۋۋال بۇنداق سۆزلەرنى قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق سۆزلەرنى كېسەل تولا ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. سىز ئۇنىڭغا سىرتتىكى خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ،يۇمۇرلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى خۇشال - خۇرام ھېس قىلدۇرسىڭىز، بۇ ئۇنىڭغا بولغان ئەڭ چوڭ تەسەللى بولىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ھەرگىزمۇ تىلنى چايناپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا كېسەلدىن تەپسىلى ئەھۋالى ۋە داۋالاش ئۇسۇلىنى سورىماسلىق كېرەك. ئۇ، ئېھتىمال بۇنى باشقىلارغا تولا ئېيتىپ زېرىكىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىشلارنى ئەڭ ياخشىسى ئۆيدىكىلەردىن سوراپ، بىلىۋېلىڭ. كېسەلدىن بۇنداق ئەھۋال سوراشنى ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى بىلدۈردۇ، دەپ قارىماڭ، ئەمەلىيەتتەبۇ كېسەلنىپاراكەندە قىلغانلىق بولىدۇ.

ئەگەر كېسەلگە چوقۇم بىرقانچە ئېغىز تەسەللى سۆزلەرنى قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغان قىياپەتتە بولماڭ، چۈنكى سىز كېسەلگە ئىچىڭىزنى ئاغرىتقانىڭىزنى، كېسەلنى ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنى بارغان-سېرى بىرخىل دەرت دەپ ھېس قىلدۇرۇپ قويىسىز.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىر دوستىمىز قايغۇ ئىچىدە، ئازابلىنىپ ياش تۆككىنىدە، سىز شۇزامان «يىغلىماڭ»دەپ دالالەت قىلماڭ. چۈنكى بۇنداق قىلىش بىلەن ئۇنى دەرت - ئازابتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا سىزنىڭ بىر قانچە ئېغىز روھلاندۇرۇش سۆزىڭىز «يىغلىماڭ» دەپ ئېيتقان مىڭ ئېغىز سۆزىڭىزدىن ئەلا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا «كارايىتى چاغلىق ئىش ئىكەنغۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئازابلىنامدۇ؟» دېگەندەك ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن قىلىپ بۇنداق دېيىشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمىسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ سۆزنى دېمىگەن تۈزۈك. ئۇنداق بولمايدىكەن قارشى تەرەپ كۆڭلىدە «سەن نېمىنى بىلىسەن! سەن پەقەت تاپا - تەنە گەپلەرنى قىلىشنىلا بىلىسەن» دەيدۇ.

باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن ھېسداشلىقنى بىلدۈرۈشمۇ باشقىلارغا تەسەللى بەرگەنلىك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، تەسەللىبېرىشنىڭ بىرىنچى شەرتى ھېسداشلىقتۇر. كىشىلىك تۇرمۇشتا تەسەددىپى ئازابلاردىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. بىز تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە باھارلا بولسۇن دەپ ئۈمىد قىلالماق بولمايدۇ. بۈگۈن گەرچە يامغۇر ياغسىمۇ ئەتە قۇياش نۇرنى پۈتۈن زېمىنگە چېچىپ تۇرىدۇ. (5)

(ئەركىن قۇربان رەتلىگەن)



## كېچە شىلىك ئىش بوزۇلماس

**«ھېلىمۇ ئىچەمدۇ»**

بىراۋ بىر سورۇندا ھېسامدىن سورىدى:

— ھېلىقى ئىچەرمەن خوشنىڭىز يەنە ئىچىپ يۈرەمدۇ يا ھاراقنى تاشلىدىمۇ؟

— ئىچىپ يۈرىدۇ، — دېدى ھېسام. سوئال سورىغۇچى ئەجەبلەندى.

— نېمە؟ ئۇ كېسەلنى ھاراقتىن تاپتىم، ئەمدى ئۆلسەممۇ ئىچمەيمەن دەپ قەسەم ئىچىۋىدىغۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ھېسام، — ئاغرىپ قالسا قەسەم ئىچىدۇ، ساقىيىپ قالسا ھاراق ئىچىدۇ.

**« تازا تۇتتۇم»**

ھېسام بېلىق تۇتۇشقا بېرىپ، كەچتە قايتىپ كېلىۋاتسا يولدا بىر يىگىت ئۇنىڭ مۈرىسىدىكى قارماق خادىسىنى كۆرۈپ:

— ھېسامكا، قانچىلىك بېلىق تۇتتۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تازا تۇتتۇم، — دەپتۇ ھېسام ئەلەم بىلەن، — كەچ كىرگىچە لەيلىگۈچكە قاراپ ئىڭىگىمنى تۇتتۇم.

**ئاغرىق پىكىر**

دەبدەبىلىك سۆز قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كادىر بىر قېتىملىق يىغىندا سۆزگە رۇخسەت ئاپتۇ-دە:

— مېنىڭدە بىر پىكىر ياتىدۇ، — دەپ گېپىنى باشلاپتۇ. يىغىن ئەھلى ئارىسىدا ئولتۇرغان ھېسام سوراپتۇ:

— پىكىر ئاغرىقمىدى؟

— ياقەي، — دەپتۇ ھېلىقى كادىر تېرىككەندەك بولۇپ، — پىكىرنىڭمۇ ئاغرىق-سىقى بولامدىكەن؟

— ئەمىسە، — دەپتۇ ھېسام سوئالنى ئىزاھلاپ، — ھەممىمىز تىنىك ئولتۇرساق، سىزنىڭ پىكىرىڭىز نېمىشكە ياتىدۇ؟

**مۇھىم نۇقتا**

ھېسام ئۆيدىن قىيىنىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئىدارە باشلىقى بىر يىغىندا كادىرلاردىن سىناق ئېلىپ، نۆۋەت ھېسامغا كەلگەندە سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، نۆۋەتتە ۋەزىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى قايسى؟

ھېسام دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىر ئېغىز ئۆي تېپىش.

**«بىز چىقمىساق»**

قىش كۈنى ھېسام قار يېغىپ توختىغان ھامانلا ئۆگزىگە چىقىپ قار ئادالايدىكەن. بۇنى كۆرگەن بىر ھورۇن خوشنىسى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا ھە دېسىلا ئۆگزىگە چىقىدىكەنسىزغۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ ھېسام، — بىز چىقمىساق، ئۆگزە چۈشىدۇ ئەمەسمۇ!

**مەخمۇت مۇھەممەد**

**«قورسىقىمدا يوتقان-كۆرپە يوق»**

ئا: سىنىڭ بىر ئېيىپىڭ قورسىقىڭدا زادى گەپ ياتمايدۇ.

ب: توغرا دەيسەن، چۈنكى مېنىڭ قورسىقىمدا يوتقان-كۆرپە يوق-دە.

**نەسىھەت**

دادىسى: ئاخشام يەنە نەگە قاچتىڭ؟

ئوغلى: ئويۇن كۆرگىلى باردىم.

دادىسى: نېمە ئويۇنىكەن ئۇ؟

ئوغلى: «يولىياڭۇەندىكى ماجرا»

دادىسى: مەن ساڭا ئۇرۇش-ماجرا بولغان يەرگە بارما، دەپ نەچچە ئېيتتىم، زادى گەپ ئاڭلىمىدىڭ، قاچان ئادەم بولارسەنكىن-تاڭ؟!

### هاراق قازىنى

— نۆۋەت سىزگە كەپقالدى، خۇشە.

— كەچۈرۈڭ، ئاشقازان كېسىلىم بار ئىدى. دوختۇر هاراق ئىچىشنى چەكلىگەن.

— ئاش قازىنىڭىز كېسەل بولسا، هاراق قازىنىڭىزغا ئىچىڭ.

— «هاراق قازىنى» دېگەن ئەزا بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئۇ كاللا بىلەن پاچاقتا.

ئابدىرىشات مۇسا

### مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش

— ئادۇۋكات ئەپەندى، سىزنىڭ قەلەم هەققى ئۆلچىمىڭىز قانچىلىك؟

— ئىككى مەسىلىگە جاۋاب بەرسەم 100 ئامېرىكا دوللىرى بېرىسىز، هە، ئەمدى ئىككىنچى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭا.

### گەپ - سۆز جىنايىتى

ئەنگلىيىنىڭ مەلۇم بىر باغچىسىدا گەپ-سۆز ئەركىنلىكى ناهايىتى كەڭ ئىكەن. لېكىن «يوقالسۇن ئايال پادىشاھ» دېگەن سۆزنى يېزىپ تامغا چاپلاشقا ياكى شۇئار قىلىپ توۋلاشقا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. بىر كۈنى بىر سایاهەتچى ئېھتىياتسىزلىقتىن كۆلگە چۈشۈپ كېتىپ جان تالاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئىككى ساقچى ئۇنى كۆرۈپتۇ-يۇ، كارى بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن هېلىقى ساياهەتچى جىددىي پەيتتە بىر ئەقىل تېپىپتۇ-دە:

— يوقالسۇن ئايال پادىشاھ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇ چاغدىلا ئىككى ساقچى دەرهال سۇغا سەكرەپ بۇ «جىنايەتچى»نى سۇدىن تارتىپ چىقىرىپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

### تۆۋى تۆشۈك بولسا

— نىل دەرياسى سۇدادىن ئېقىپ ئۆتەمدۇ؟

— سۇدانىڭ تۆۋى تۆشۈك بولسا ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟

### تۆت چوڭ ئاساسىي ئېلېمېنت

ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا ئوقۇغۇچىدىن سورىدى:

— تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۆت چوڭ ئاساسىي ئېلېمېنت قايسىلار؟

— ئوت، هاۋا، تۇپراق ...

— يەنىچۇ، ئويلاپ باققىن، سەن نېمە بىلەن قول يۇيىسەن؟

— سوپۇن بىلەن.

### ئالما يېيىش

— جېك، ئەگەر سېنىڭ يانچۇقۇڭدا بەش ئالما بولسا، سەن بىرنى يەۋەتسەڭ، يەنە قانچىسى قالىدۇ؟

— بەشى قالىدۇ، تۆتى يانچۇقۇمدا، بىرسى قورسىقىمدا.

### قايسى دېڭىزلار بار

— قارا دېڭىزدىن سىرت، سەن يەنە قايسى دېڭىزلارنى بىلىسەن؟ — ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا بىر ئوقۇغۇچىدىن سورىدى.

— قىزىل دېڭىز، ئاق دېڭىز ...

— يەنە قايسى دېڭىزلار بار؟

— سېرىق دېڭىز، يېشىل دېڭىز، كۆك دېڭىز، كۇلرەڭ دېڭىز ...

ئابلىز تەرجىمىسى

### ئارزۇ

يىگىت: سىز هازىر يەتمىشكە يېقىنلاپ قالدىڭىز، ياش ۋاقتىڭىزدا ئارزۇلىرىڭىزنىڭ هەممىسى ئىشقا ئاشقانمۇ؟

بوۋاي: ياش ۋاقتىمدا دادام مېنى ئەيىبلەپ چاچلىرىمنى يۇلاتتى. مەن ئۇ چاغدا مۇبادا چېچىم بولمىغان بولسا قانچىلىك ياخشى بولار ئىدى دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ ئارزۇيۇم هازىر ئەمەلگە ئاشتى. (8)



# 2000 - يىللاردىكى ئائىلىلەر

كەلگۈسىدە سىز پەقەت ئىشىككە قاراپ تۇرۇپ: «مەن قايتىپ كەلدىم» دېسىڭىزلا ئىشىك ئىچكىرىسىدىن ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاۋاز ئاچقۇچنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. چۈنكى ئائىلىلەردىكى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئىشتىن ئاۋۋال شۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئېسىدە ساقلايدۇ. سىرتتىكى ئاۋاز بىلەن ئېلېكترونلۇق مېڭە خاتىرىلىۋالغان ئاۋاز ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ - دە، ئىشىكتىكى ئاچقۇچ ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ئىشىك ئېچىلىدۇ. نۆۋەتتە، پەن - تېخنىكىدا بىر مەسىلىنى يەنىلا ھەل قىلغىلى بولمايۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئەگەر مەس بولۇپ قېلىپ دېيىشكە تېگىشلىك ھېلىقى سۆزنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى زۇكام بولۇپ ئاۋازى ئۆزگىرىپ كەتسە ئىشىك ئېچىلمايدۇ. ئۇنى بارماق ئىزىغا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىپلا بولدى قىلىشقا بولامدۇ؟ لېكىن ئەگەر بارماق يارىلىنىپ قالسا يەنە قانداق قىلىش كېرەك؟ ئېلېكتر چىرىغىنى ياندۇرۇشتا، تەسىر ئۆتكۈزگۈچى ئەسۋاب قوللىنىلىدۇ. ئىشىكتىن كىرىشىڭىزگىلا، تەسىر ئۆتكۈزگۈچ ئەسۋاب سىزنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىڭىزنى قوبۇل قىلىپ، سىزگە چىراغنى ياندۇرۇپ بېرىدۇ. سىز كەتكەندىن كېيىن چىراق ئۆزلۈكىدىن ئۆچۈپ قالىدۇ. ئۆيدىكى بارلىق ئىشىك ۋە چىراغلارنىڭ ھەممىسىگە تەسىر ئۆتكۈزگۈچ ئەسۋاب ۋە ئاپتوماتىك ۋىكلىچاتېل ئورنىتىلغان بولىدۇ.

ھەر خىل تەسىر ئۆتكۈزگۈچى ئەسۋابلار، كۆمۈر گازى ۋە توك قېچىش، ئوت كېتىش، سۇ ئېقىپ كېتىش، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ ئۇنىڭدىن سىگنال بېرەلەيدۇ ۋە ئۇ سىستېمىلارنى ئاپتوماتىك ھالدا ئۈزۈپ تاشلىيالايدۇ.

2000 - يىلى «ئائىلىلەرنى يىراقتا تۇرۇپ باشقۇرۇش» دەۋرى بارلىققا كېلىدۇ. ئەگەر سىز سىرتتا خىزمەت قىلىۋاتقان بولسىڭىز، پەقەت سىرتتا تۇرۇپ ئائىلىدىكى ئېلېكترونلۇق مېڭىگە تېلېفون ئارقىلىق يوليورۇق بېرىپلا قويسىڭىز، يۇيۇنىدىغان سۇ ئىسسىپ تۇرىدۇ. توك قازىنى گۈرۈچ تامىقىنى پۇشۇرۇپ قويىدۇ. بۇ خىل يوليورۇق، قوزغىلىشچان، يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرگىلى بولىدىغان تېلېفون ئارقىلىق بېرىلىدۇ. بۇ خىل تېلېفوننى مەيلى سىز تەگلا بارسىڭىز ھەر دائىم بىللە ئېلىپ يۈرەلەيسىز ھەمدە ھەر قانداق يەردىن ئۆيگە تېلېفون بېرەلەيسىز.

ئاشخانىلاردا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ توڭلاتقۇنىڭ يېنىغا بىر دانە سۈرەت لامپىسى ئورنىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن سېتىۋالغان بارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ بەلگىسى سېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر خىل يېمەكلىكلەرنىڭ مىقدارىنى ئاپتوماتىك ھالدا خاتىرىلىۋالىدۇ. ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى كۆرۈشكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ سەي خىللىرىنى تاللايسىز. بۇ چاغدا، ئۇ سىزگە يەنە قانداق ماتېرىيالنىڭ كەملىكىنى ۋە يەنە قانچىلىك كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. 2000 - يىلغا بارغاندا پۈتۈن ئاپتوماتلاشقان تەڭشىگۈچ ئائىلىلەردە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

2000-يىلغا بارغاندا، كىر ئالغۇيۇيۇش، قۇرۇتۇش، بوياش جەھەتتە پۈتۈنلەي ئاپتوماتلىشىدۇ. كىيىم تىكىش جەھەتتە، كىشىلەر قانداق پوسۇننى ياخشى كۆرسە، ئاپتوماتلاشقان ماشىنىلار شۇ كىيىمنى ئۆزى ئۆلچەپ تىكىپ بېرىدۇ. (8)





# تارىختىكى ئاقسۇ ۋە ئۇنىڭ ناملىرى

يۈسۈپجان ئەلى

ئاقسۇ ۋادىسى — تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 510 كىلومېتر، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى 355 كىلومېتر كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 132 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتر (موغا سۇندۇرغاندا 198 مىليون مو) بولۇپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سەككىز پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاقسۇ ئەڭ دەسلەپ تارىختا «قۇم» دەپ ئاتالغان، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئاقسۇنى «قۇم» دەپ ئاتاپ «ئۇ، تۈرك چېگرىسىدىكى يۇرت بولۇپ، تۈركچە سۆزدۇر» دېگەن. (3 - توم 204 - بەت) مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ مەلۇماتى خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئاقسۇنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا «قۇم» (姑墨) دەپ ئاتالغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئاقسۇ «قۇم» دەپ ئاتالغان چاغلاردا ئوخشاشلا يەنە «بارخان شەھىرى» دەپمۇ ئاتىلىپ «بۇ خەنچىڭ» (拨换城) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. «قۇم» نىڭ «بارخان شەھىرى» دەپ ئاتىلىشىنى 7 — 9 - ئەسىرلەردىكى ئەرەب سودىگەرلىرى، سەيياھلىرى ۋە دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ئاقسۇ تۇپرىقىغا قەدەم باسقانلىقىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى، «بارخان شەھىرى» دىكى «بارخان» سۆزى ئەرەبچە سۆز بولۇپ مەناسى «قۇم» دېگەن بولىدۇ، «بۇ خەنچىڭ» غە كەلسەك، ئۇ «قۇم» دېگەن تۈركچە سۆزنىڭ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان «بارخان» نىڭ خەنزۇچە لەھجىسىدۇر.

ئاقسۇ ۋادىسىدا قەدىمدە بىنا بولغان شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە تاش شەھىرى دېگەن بىر شەھەرنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ نامى كۆپىنچە ھاللاردا ھازىرقى ئاقسۇنىڭ قەدىمكى نامى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ، تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، چوڭ تاشبالىق، كىچىك تاشبالىق دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. چوڭ تاشبالىق بۈگۈنكى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي - شىمالدا بولۇپ، كىچىك تاشبالىق ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدا بولغان. بۇ شەھەرلەر غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلدىن مىلادىيە 25 - يىلغىچە) دە، قۇم (قۇم ئېرىق) دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ئونسۇ» ئوبلاستى، غەربىي تۈركلەردە بولسا «ئونسۇ» شەھىرى دەپ ئاتالغان. تاڭ خاندانلىقىنىڭ جىنيۈەن يىللىرى (مىلادى 805 — 785) دىكى ۋەزىر جىيادەن بۇ شەھەرنى «ئۇچ» دېمەكچى بولۇپ دېيەلمەي «يۈجۇ» (于祝)، «ئونسۇ» دېمەكچى بولۇپ دېيەلمەي «ۋېنسۇ» (温肃) دەپ ئاتىغان. ھازىر ئۇنىڭدىكى «肃» خېتى ئارخا ئىمزىسىلىمىشىپ ئۇنىڭ ئورنىنى «قونالغۇ» دېگەن مەنانى ئاڭلىتىدىغان «宿» خېتى ئالدى. «ئونسۇ» شەھىرىنى بەزىلەر ھازىرقى ئۇچتۇرپان دېسە يەنە بەزىلەر بۈگۈنكى ئاقسۇ شەھىرى دېيىشىدۇ. ھەر ھالدا تارىخىي مەنبەلەردىن «كىچىك تاشبالىق» نىڭ بۈگۈنكى ئاقسۇ ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يەنە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئون سۇ» دېگەن نام «ئورۇنسۇ» (URUNSU) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بۇ تەلەپپۇزنىڭ بۇ يەرنىڭ جايلاشقان ئورنى سۇنىڭ ئۈستىدە دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان مەناسى



بارلىقى ئېنىق. ئاقسۇ تارىختا يەنە «بېلۇكا» (خەنزۇچە 跋禄迦 ، 婆楼迦) دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان، ھازىرغىچە بۇنىڭ نېمە مەنىنى ئاڭلىتىدىغانلىقى ھەققىدە تەفسىر يوق.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» سى ۋە ئورغۇن يەرلىك تەزكىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاقسۇ تارىختا يەنە «ئەردەۋىل» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ ئىسىم ئەڭ ئەۋۋەل ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ ئىرانلىلار بىلەن تورانلىلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭنى تەسۋىرلىگەن داستانى «شاھنامە» دە بايان قىلىنغان بولۇپ بىرگە جاي ئىسمى سۈپىتىدە يېتىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا ئۇ، قانداقتۇر يېقىنقى زامانلاردىن بۇيان ئىپپلىۋاتقان ئىسىم بولماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىختا قەيت قىلىنغان تورانلىلار يۇرتىدىكى بىر جايدۇر.

ئاقسۇنىڭ بىز يۇقىرىدا ئاتاپ ئۆتكەن شۇنچە جىق ئىسىملىرى قاچان «ئاقسۇ» غا ئۆزگەرگەن؟ بۇ ھەقتە بۈنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن موللا مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاش دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان «تەزكىرە ئىرشات» دېگەن كىتابتا، كىتىك شەھىرىنىڭ قۇم ئاستىدا قالغانلىقى، قۇم ئاپىتىدىن ئامان قالغان خالايىقنىڭ ئايكۆل ۋە كۇچارغا كەلگەنلىكى، ئەردەۋىلدە قۇرغاقچىلىق بولغانلىقى، كېيىن خەلقنىڭ شەھەرگە سۇ چىقىرىشنى كۆزلەپ، سۇ يولىغا بېرىپ سۇ باشلىغانلىقى، بۇ سۇدا بىر موللا بىلەن مۇغالىنىڭ ئېقىپ كەتكەنلىكى، خەلق بىشىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ: موللىنى ئۇتتۇۋېلىڭلار، مۇغال ئاقسۇن، دېگەنلىكى، شۇندىن باشلاپ بۇ يەرنىڭ «ئاقسۇن» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «ئاقسۇ» غا ئۆزگەرگەنلىكى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەت ساقلىنىپ قالغان.

قىسقىسى، ئاقسۇنىڭ بۇ ئىسمى مەيلى قىبىدىمدا «ئۇن سۇ» دېيىلىپ كېيىن «ۋىنسۇ» بوۋقالسۇن، مەيلى دەسلىۋىدە «ئاقسۇن» دېيىلىپ كېيىن «ن» چۈشۈپ قېلىپ «ئاقسۇ» بولسۇن بۇ ئىسىملار ئېتنوگرافىيىلىك جەھەتتىن بۇ جايدىكى سۇنىڭ ناھايىتى سۈزۈكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. (9)

# ئەڭ ياخشى نەتىجە قازانغانلار...

ئەڭ ياخشى نەتىجە قازانغانلارنىڭ ھەممىسى بەزى ئورتاق پىسخولوگىيىگە ۋە تەپەككۇر ئادىتىگە ئىگە. بۇلارنى ھەر قانداق كىشى ئۆگىنەلەيدۇ.

ئەڭ ياخشى نەتىجە قازانغانلار خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلەيدۇ. ئۇلار يېقىن دوستلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ۋە ئائىلىۋى ئۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىنى قەدىرلەيدۇ، ئۆزىنى ئەركىن - ئازادە تۇتۇشنى بىلىدۇ.

2. ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدۇ. كۆڭلىدە قانائەت ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

3. نەتىجە ھاسىل قىلىشنى كۆزلەيدۇ، مۇكەممەل بولۇپ كېتىشنى كۆزلىمەيدۇ.

4. تولۇق تەييارلىق قىلىپ، يولۇقۇش ئېھتىمالى بولغان قىيىنچىلىقنى ئالدىنئالا تولۇق مۆلچەرلىيەلەيدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

5. مەغلۇبىيەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلىدۇ. «ئەڭ ئوسال ئەھۋال» غا تاقابىل تۇرۇش لاھىيىسىنى ئالدىنئالا تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

6. «يوشۇرۇن كۈچ» كە ئىگە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر ئۆز ئىقتىدارىنىڭ ئاخىرقى چېكىنى ھەقىقىي بىلەلمەيدۇ - دە، ھەممىشە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ، يوشۇرۇن كۈچىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىنى چەكلەپ قويىدۇ.

7. ئۆز - ئۆزى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدۇ. رىقابەت داۋامىدا رەقىبىنى يېڭىش - يېڭەلمەسلىكىدىن قەتئىي نەزەر، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئىرىشچانلىقىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. (5)

### نېمە ئۈچۈن 61 سېكۇنت بولىدۇ

بۇ يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى سائەت يېتتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت 61 سېكۇنت بولىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

يەر شارى بىر كۈننى بىر دەۋر قىلىپ ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىش سۈرئىتى تەكشى بولمايدۇ. بۇنداقتا، ھەر قېتىملىق يەر شارىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىپ ئۆزگىرىشىنىڭ يېغىندا قىممىتى بىر سېكۇنتقا يېقىنلاشقاندا، بۇ بىر يىلدىكى خەلقئارالىق ئۆلچەم ۋاقتى 6- ئاينىڭ 30- كۈنى ياكى 12- ئاينىڭ 31- كۈنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇتىغا بىر مىنۇت قوشىدۇ ياكى ئازلايدۇ. 1985- يىلى قوشۇلغان بىر مىنۇت، بېيجىڭ ۋاقتى بويىچە 7- ئاينىڭ 1- كۈنى سائەت يەتتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇتىغا قوشۇلىدۇ. بۇ بىر مىنۇتتا 61 سېكۇنت پەيدا بولىدۇ. (9)

### ئامېرىكىدىكى ئون نەچچە گۇاڭجۇ

ئامېرىكىدا ئون نەچچە يەرنى گۇاڭجۇ دەپ ئاتايدۇ. گۇاڭجۇنىڭ ئىنگلىزچە كونا تەرجىمىسى «كانتون» بولۇپ، ئامېرىكا ئوھىئو شتاتىنىڭ سانائەت شەھىرى كانتوننىڭ قۇرغۇچىسى بېنزال. ۋېرىس نام بەرگەن. ئۇنىڭ بىر دوستى جۇڭگودىن تاپقان پۇلىغا تايىنىپ، بالدىمودا كانتون ئۈسۈملۈكلەر باغچىسىنى قۇرغان، ۋېرىس بۇ شەھەرنى كانتون دەپ ئاتىغان. مىسىپى شتاتىنىڭ كانتون شەھىرى 1934- يىلى قۇرۇلغان. شۇ چاغدا ئامېرىكىدا مۇھاجىرلار كۆپ ئەمەستى. لېكىن بۇيەردە گۇاڭجۇلۇق بىر كىشى بولۇپ لەقىمى «كانتون» ئىدى. ئۇ ئابرويلۇق بولغاچقا ئۆلگەندىن كېيىن ئامېرىكىلىقلار ئۇنىڭ لەقىمى بويىچە بۇ شەھەرنى «كانتون» دەپ ئاتىغان. (9)

### «UFO» ئۇچار تەخسىنىڭ ئۆزى ئەمەس

ئۇچار تەخسە بىلەن «UFO» بىر ئۇقۇم ئەمەس، ئۇچار تەخسە، ئېھتىمال يەر شارى ئۈستىگە ساياھەتكە كەلگەن ئاجايىپ ئالەم بوشلۇقى ئۇچۇش قورالىدۇر. «UFO» (ئۇقتىلى بولمايدىغان ئۇچار جىسىم) ئەسلىدە كېلىش سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ياكى كېلىش تارىخىنى ئۇقۇقىلى بولمايدىغان غەلىتە ئۇچار جىسىمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇھازىرھاۋادىكى غەلىتە ھادىسىلەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا كىشىلەر خىلمۇ - خىل تەبىئىي ھادىسىلەر بىلەن «ئۇچار تەخسە»نى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ ھەممىنى ئوت مۇميۇزلۇك ئۇقتىلى بولمايدىغان ئۇچار جىسىم ياكى «UFO» دەپ ئاتاۋاتىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. (5)

### ئوغۇل ياكى قىز تۇغۇشنى ..

ئوغۇل ياكى قىز پەرزەنت كۆرۈش — كىشىلەر ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەنگلىيىلىك پاتولوگىيە ئالىمى بولو 30 نەچچە يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، يېقىندا ئوغۇل ياكى قىز تۇغۇشنى ئەركىن كونترول قىلالايدىغان بىر خىل دورىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياساپ چىقتى. بۇ دورا «ئاياللار ئۈچۈن»، «ئەرلەر ئۈچۈن» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلغان بولۇپ، بۇ دورىنى پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەر - خوتۇنلار ئىشلەتكەندىن كېيىن، بەدەندىكى كىسلاتا بىلەن تۇزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىدا ئۆزگىرىش بولىدىكەن، «ئەرلەر ئۈچۈن»نى ئىشلەتسە ئوغۇل، «ئاياللار ئۈچۈن»نى ئىشلەتسە قىز تۇغۇلىدىكەن. (4)

## بالىلار يەسلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئەنگلىيىلىك مەشھۇر خىيالىي سوتسىيالىزمچى روبېرت ئوۋېن 1802-يىلى دۇنيادا بىرىنچى بالىلار مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئىككى ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلارنى قوبۇل قىلغان، ھەمدە ئوقۇشتىن بۇرۇنقى تەربىيىنى ئېلىپ بارغان، بىراق، ئۇسمۇرلەر مەكتىپىگە بالىلار يەسلىسى دەپ ئىسىم بېكىتكۈچى كىشى فىروبېل. ئۇ 1837-يىلى گېرمانىيىنىڭ بىلانكېن قەلئەسىدە «ئويۇن ئۇسۇلى ئارقىلىق بالىلارغا پسىخولوگىيە تەلىم - تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپ»نى قۇرۇپ چىققان. 1840-يىلى فىروبېل باغچىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، مايسا، باغۋەن، باغچىلارنى تۇيۇقسىز خىيالىغا كەلتۈرۈپ، بۇ مەكتەپنىڭ ئىسمىنى «ئۇسمۇرلەر باغچىسى» دەپ ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويغان. (9)

## تالانتلىق كىشىلەرگە...

ئو[illegible]ايدىغان تالانتلىق كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، چەت ئەلدە مۇنداق قىزىقارلىق بەلگىلەر قوللىنىلغان: بىرىنچىسى △ بولۇپ، يۇقىرىدىكى بېشىنىڭ ئۇچلۇق بولۇشى مېڭىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، تەتقىقاتنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئاستىدىكى كەڭلىكى ئاساسىنىڭ پۇختىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككىنچىسى ◆ بولۇپ، ئىككى بېشىنىڭ ئۇچلۇق بولۇشى مېڭىسى ئۆتكۈر بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي بىلىملىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۈچىنچىسى ▽ بولۇپ، تەتۈر تۇرغۇزۇلغان. بۇ مېڭىنىڭ ئادەتتىكىدەك، ئىنكاسىنىڭ قاشاڭلىقىنى، ئاساسىي بىلىملىرىنىڭ تارلىقىنى يەنى بىز دائىم ئېيتىۋاتقان «قابىلىيەتسىز ئادەملىكىنى» ئىپادىلەيدۇ. (9)

## بۇ خىل قىزلار ...

پېشانىسى تار، يۈزى كىچىك، قاڭشارسىز قىزلار چاچنى ئۇزۇن قويۇۋەرسە بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداقلارنىڭ يۈز شەكلىدە پۈتۈن گەۋدىلىك تەسىرات كەمچىل بولۇپ، ئەگەر ئۇلار چېچىنى ئۇزۇن قويۇۋەتسە بەش خىل ئەزاسى ئوچۇق گەۋدىلەنمەي قالىدۇ.

ئارقا مېڭىسى ياپىلاق كەلگەنلەرنىڭ باش شەكلى چاچنى ئۇزۇن قويۇۋېتىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن چاچنى تۇرىۋالغاندا كىشىلەرگە باشنىڭ كەينى كەمتۈكتەك بىر خىل تەسىرات بېرىدۇ. بويىنى قىسقا كەلگەن قىزلار چاچنى ئۇزۇن قويۇۋەتسە مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداقلار چاچنى ئۇزۇن قويۇۋەتسە بويىنى تېخىمۇ قىسقىراپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. (5)

## ياشلار ساقال - بۇرۇت قويسا

فرانسىيىنىڭ لىئون داشۆسىدىكى ئالىملار يۈزدىن ئارتۇق ئەرنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ساقال - بۇرۇت قانچە ئۇزۇن قويۇلسا، پايىنەكباش بولۇش شۇنچە تېز بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان.

بۇ ھادىسىنى فرانسىيە ئالىملىرى مۇنداق چۈشەندۈرگەن. بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشىگە ۋە تېرىدىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، بەدەندىكى ئارتۇقچە ئىسسىقلىق تېرە ۋە باش ئارقىلىق تارقىلىپ، چوڭ مېڭىنى زىيادە قىزىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. پەقەت زور مىقداردا چاچ چۈشكەندىلا ئاندىن باش قىسمىدىكى ئىسسىقلىق نورمال تارقىلالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن چاچنىڭ چۈشۈشى بارغانسېرى كۆپىيىپ، بارا-بارا پايىنەكباش بولۇپ قالىدۇ.

# ھايات، دوستلۇق، كەسپ ھەققىدە

ئە. قۇربان

بەزى ياشلار قۇياشنىڭ ھەر كۈنى شەرقتىن كۆتۈرۈلۈشىگە ئوخشاش ھەمىشە كەلگۈسى كۈنلەر تېخى ئۇزۇن دەپ ھېس قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ۋاقىتنى قەدىرلەش چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە چۈشەنچىسى چوڭقۇر ئىرادىلىك ياشلار بىر يىل، بىر ئاي، بىر كۈن ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر كىشى ئومۇمىي ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئىبارەت بۇ بىپايان ئاسمان جىسمىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ۋاقىتتا ئېقىپ كېتىدىغان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. بىر ئادەم 100 ياش ئۆمۈر كۆرگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا غىل - پاللا كۆرۈنۈپ ئېقىپ كېتىدىغان ئاقار يۇلتۇزدۇر. شۇڭا ۋاقىتنى قەدىرلىمىسەك قانداق بولىدۇ.

△ بىر كىشى ئازراق بىلىم ئىگىلەشنى ۋە جەمئىيەتكە ئازراق پايدىلىق خىزمەت ئىشلەشنى خالايدىغان بولسا، مەقسىتى ۋە نىشانى بىر بولغان بىر قانچە ئادەم بىلەن بىرلىكتە تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. دوست بولۇشنىڭ يولى شۇكى، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ئىشىنىش بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش، لېكىن ھەقىقىي چۈشىنىش، ئىشىنىش، ياردەم بېرىش سەمىمىيەتلىكتىن ئايرىلالمايدۇ. بىز بەزىلەرنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن دوست تۇتقانلىقىنى، لېكىن دىلكەش دوستى ناھايىتى ئازلىقىنى دائىم دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىمىز. دوست تۇتۇشتا يۈرەكنى باشقىلارغا بېرىش كېرەك. سەمىمىيەتلىك كام بولسا، بولمايدۇ. ئورتاق ھەۋەس، ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان سەۋىيە، دىلكەشلىك دوست تۇتۇشنىڭ ئاساسى، لېكىن ئەڭ ھالقىلىق يېرى سەمىمىيەتلىكتە. سەمىمىيەت جەھەتتە دوستنى ئاز ئەيىبلەپ، ئۆزىمىزنى كۆپ تەكشۈرۈشىمىز لازىم. دوستلار ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن ھەقىقىي يۈرەك ئالماشتۇرۇلىدۇ ئەمەسمۇ!

△ تازىلىق ئىشچىسى ھەر كۈنى يولنى تازىلايدۇ، بۇ ئۇنىڭ كەسپى. تىجارەتچى ھەر كۈنى ماگىزىنىدا تۇرۇپ خېرىدارلارنى كۈتۈۋالىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ كەسپى. ئالىم، مىنىستىر، ئىدارە باشلىقى بولۇشمۇ كەسپ بولۇپ، ھەممىسى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھەممىسى ھەر كۈنى جەمئىيەت يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ. ئىجتىمائىي خىزمەت تەقسىماتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن شۇغۇللانغان كەسىپلەرنىڭ ھەممىسى ئەھمىيەتلىك. ئەگەر كىم ئۆزىنىڭ «مەرتىۋىسى» يۇقىرى دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ «مەرتىۋىسى» تۆۋەن دەپ كۆزگە ئىلمايدىكەن، ئۇ چاغدا كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ. شۇنداقلا ئېچىنىشلىق بولىدۇ. 72 خىل ھۈنەرنىڭ ھەممىسى ئەھمىيەتلىك، مانا بۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئادەم بىلەن ئادەم باراۋەرلىك روھىنىڭ مەۋقەسىدۇر. كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاڭ سەۋىيىسى يۇقىرى بولسا، تۇرمۇش لەززەتلىك بولىدۇ. (5)



# ياخشى ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت

پوسكام ناھىيە پوسكام يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپى بۇ يىل 3-ئاينىڭ بېشىدىلا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى «بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلغان ئىدى.

ئۇلار سىنىپلارنى ئاساس قىلغان ھالدا تازىلىق قىلىش، ئاجىزلارغا يار-يۆلەكتە بولۇش، چاچ ئېلىش، كىر يۇيۇش، كىيىم ياماش، دەرستە ئاجىزلارنى ھۆددىگە ئېلىش قاتارلىق 14 خىلدىكى 69 گۇرۇپپىغا تەشكىللىنىپ، ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە ئامما ئۈچۈن كۆيۈنۈپ ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. مەكتەپ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرگەندىن سىرت، 16 ئىدارىنىڭ 86 قېتىم 76 مىڭ 124 كۋادرات مېتىر يېرىنى تازىلاپ بەردى. 96 ئائىلىنىڭ ئۆي ئىشلىرى ۋە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. 116 كىشىنىڭ 255 قۇر كىيىمىنى ياماپ، يۇيۇپ بەردى. 83 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ چېچىنى ئېلىپ قويدى، دەرستە ئارقىدا قالغان 118 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشىنى ياخشىلىدى.

مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئىش پائالىيەتلىرىدىن خۇلاسە قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتەردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ياخشى ئىشلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئىدارە جەمئىيەت، ئاتا - ئانىلارنىڭ 292 پارچىدىن ئارتۇق رەھمەت خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. (4)

(مەھەممەدئوسمان)

يېزا ئىگىلىك 64- تۇەن 10 - ليەن مەكتىپى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساتچانلىق بىلەن ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئەمگەككە قاتناشتۇرۇپ، قوشۇمچە تىرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۆتكەن يىل دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ 30 مودىن كۆپرەك يەرنى باشقۇرۇپ، 2800 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلغان ئىدى. مەكتەپ رەھبەرلىكى بۇ پۇلدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۈچ تۈرلۈك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى.

(1) ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ئۈچ يۈەن ئاتمىش پۇڭلۇق قىممىتىدىكى بىردىن سومكا ئېلىپ بەردى.
(2) تۈرلۈك كىتاب-ژۇرناللاردىن 200 نۇسخا سېتىۋېلىپ بىر قىرائەتخانا قۇرۇپ بەردى.
(3) بىر بالىلار تەربىيەلەش سىنىپى ئېچىپ، تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلارنى ئوقۇتۇشقا قوبۇل قىلدى.

ليەن مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى كىچىكىدىن تارتىپلا ئەمگەكنى سۆيىدىغان، ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتتىن تەڭ تەرەققىي قىلغان كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە، مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىكى ئەمەلىي تەدبىرى تۇەن رەھبەرلىكىنىڭ قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئاتا - ئانىلارنىڭمۇ ماختىشىغا ئېرىشتى. (4)

(قاسىمجان ياسىن)

# ياخشى باشقۇرۇلغان خىراجەت پۇلى




ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا مۇيەسسەر بولماقچى بولىدىكەنسىز، ھامان قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىقلىشىشىڭىز كېرەك. ئەلۋەتتە، ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ خاراكتېرى، مىجەزى، ھەۋەسىنى چۈشەنمەيدىكەنسىز بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالىنى ئېنىق چۈشەنسىڭىز ئالاقە سورۇنلىرىدا كىشىلەر سىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغان ئادەم بولالايسىز.

ئۇنداقتا، قانداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاندىن بۇ بىر يۈرۈش «ماھارەت»كە ئېرىشەلەيسىز؟ قارشى تەرەپنى چۈشىنىشتە بىرىسى ئەتىراپتىكىلەردىن ئۇقۇشۇش، ئىككىنچىسى بىۋاسىتە ئۇچرىشىش، كۆزىتىش لازىم.

روزۋېلىت زۇڭتۇڭ ئالاقىلىشىشنىڭ ماھىرى ئىدى. بىر قېتىملىق زىياپەتتە دوكتور روزۋېلىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ. روزۋېلىت ناھايىتى ئەپچىل قىلىپ ئۇنىڭغا: «دوكتور ئەپەندى، مەرھەمەت قىلىپ سىز مېنىڭ قارشى تەرىپىمدە ئولتۇرغان ئاۋۇ مېھمانلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى دوكتور ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكىنى بىر قېتىمدىن تونۇشتۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئىشلار توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر بىر ئاخبارات مۇخبىرى مۇنداق دېگەن ئىدى: «روزۋېلىت زۇڭتۇڭ ئۆزىنى كۆرۈش ئۈچۈن كىرگەن ھەر بىر ئادەمنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇ بۇ ئادەمنىڭ بارلىق ئەھۋالى توغرىسىدا ئاللىبۇرۇنلا ئۇقۇشۇپ بولاتتى، تۇيۇقسىز يولۇقۇپ قالغان ناتونۇش كىشى ۋە ئىزدەپ كەلگەن كۈتۈلمىگەن مېھمانغا نىسبەتەن ئۇ پەقەت بىۋاسىتە ئۇچرىشىش، كۆزىتىش ئارقىلىق چۈشىنىش ھاسىل قىلاتتى. مەقسەتلىك، مەقسەتسىز ھالدا، بەزىبىر مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سۆھبەتلىشەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ چوڭ جەھەتتە قارشى تەرەپنىڭ پىكرى ھەمدە قىزىقىشىنى چۈشىنىۋالاتتى».

ئادەتتىكىچە ئېيتقاندا ئادەمنىڭ سۆز ھەرىكىتى، ياسىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى ۋە خاراكتېرىنى ئىنكاس قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن كارى بولمايدىغان گەپ سۆزى قىزىقارلىق ئوچۇق ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر قەدەر رومانتىك كېلىدۇ؛ ئاز گەپ قىلىدىغان ئېھتىياتچان ۋە ھەممىنى خىيال قىلىدىغان ئادەمنىڭ خاركتېرى دائىم جىمغۇر بولۇپ، خىيالپەرەس كېلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن مېڭىمىزدە تونۇشلۇق بولغان بىرىنچى تۈردىكى ئالاقىلىشىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قەدەر ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز لازىم. مەسىلەن: يېشى، كەسپى، ھەۋىسى، خاراكتېرى قاتارلىقلارنى ئەستە قالدۇرۇش كېرەك. ئادەتتىكى ئالاقىلىشىش ئوبيېكتلىرىنىڭمۇ ئاساسىي ئەھۋالىنى چۈشىنىۋېلىش، ئەستە قالدۇرۇش لازىم. پەقەت مۇشۇنداق دەرىجىگە يەتكەندىلا ئەركىن بولغىلى بولىدۇ. (9)

## بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما



# ئېيزېنخاۋېر ۋە تاشقى پلانېتتىن كەلگەنلەر

ئەنگلىيە يۇقىرى پالاتاسىنىڭ ئەزاسى، UFO تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى كورانكاتىن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە تۆۋەندىكىلەرنى ئاشكارىلاپ قويغان: «ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى ئېيزېنخاۋېر ئەينى ۋاقىتتا راتىباتاسون ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا زىيارەتتە بولغىنىدا، تاشقى ئالەم ئادەملىرى بىلەن سۆزلەشكەن.

كورۇنكاتىن يەنە «مېنىڭ بىلىشىمچە، زۇڭتۇڭنىڭ ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىكى زىيارىتىدىن بۇرۇن ئامېرىكا يۇقىرى پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بىرى. گىراندوك ئەپەندىنىڭ راتىباتاسون ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىكى زىيارىتىنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.»

«گىراندوك ئەپەندى ناھايىتى بىلىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇ پايانسىز كائىناتتا ئىنساندىنمۇ تەرەققىي قىلغان، يۇقىرى ئاڭغا ئىگە جانلىقلار بار دەپ قارايتتى. ئۇ 1960 - يىلى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى كاردىس جياگجۇن بىلەن ئۇچراشقاندا يۇنۇنۇمدىكى مەنئىي قىلىنغان مەخپىي رايوننى كۆرۈپ بېقىشنى ئىلتىماس قىلغان. يۇنۇنۇم — ئۆز ۋاقتىدا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن UFO قالدۇقلىرىنى، UFO نىڭ خادىملىرىنىڭ جەسەتلىرىنى، UFO غا ئائىت ئىنتايىن مەخپىي ماتېرىياللارنى ساقلايدىغان مۇھىم بازا ئىدى. كاردىس جياگجۇن ئۆز دوستىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى جىددىي تۈس ئېلىپ تۇرۇپ: «بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇ يەرگە پەۋقۇلئاددە خادىملاردىن ئۆزگە ھېچكىمنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ھەتتا ئامېرىكا زۇڭتۇڭىمۇ بۇ يەرگە بىر قەدەم يولىيالمايدۇ. مېنىمۇ كىرىشىم مۇمكىن ئەمەس دېگەن.

شۇ چاغلاردا ئامېرىكا ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇچار تەخسە قالدۇقلىرى، ئۇچار تەخسە خادىملىرىنىڭ جەسەتلىرى قاتارلىق مۇھىم نەرسىلەرنى يىغىپ، توپلاپ يۈرگەنلىكى گىراندوك ئەپەندىگە مەلۇم ئىدى. ئۇ مانا مۇشۇ مەخپىي بازىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان باشقا نەرسىلەرمۇ بار، دەپ قىياس قىلاتتى. چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان مۇشۇ بازىدا ئۇچار تەخسىنىڭ سۇنۇقلىرى ساقلىنىپلا قالماي، بەلكى تىرىك تاشقى پلانېت ئادەملىرىمۇ بار دېگەن ئېنىق مەلۇماتقا ئېرىشىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كاللىسىدا تاشقى پلانېت ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ بېقىش خىيالى تۇغۇلغان ئىدى.

كورانكاتىن يەنە مۇنداق دېدى: «ئەمدى مېنىڭ دەيدىغىنىم ئېيزېنخاۋېر زۇڭتۇڭنىڭ تاشقى پلانېتتىن كەلگەن ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقانلىقىنىڭ جەريانى، نۇرغۇن كىشىلەر بىلمىدۇكى، 1947 - يىلى، 1948 - يىللىرى ئۇچار تەخسىنىڭ چۈشۈپ كېتىش ۋەقەلىرى 20 نەچچە قېتىمغا يەتتى. ئۇچار تەخسىنىڭ سۇنۇقلىرى ۋە ئۇچار تەخسىدىكى خادىملارنىڭ ئۆلۈكلىرى ناھايىتى تېزدىنلا راتىباتاسون ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا يىغىۋېلىناتتى. بىراق بۇ نەرسىلەر بۇ بازىغا يىغىۋېلىنىشتىن بۇرۇن بۇ رايوننىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى شۆبە بازىلارغا ئەپكېلىنەتتى.

ئېيتىلىشىچە، 1954 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بىر قېتىم ئۇچار تەخسىنىڭ چۈشۈپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. بۇ ۋاقە ئۇلۇغغا چۈشۈپ قالغان ئەيزېنخاۋېر زۇڭتۇڭ ئېيدىھاران ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا يېتىپ كەلگەن ۋەئار-

## مۆجىزاتلار دۇنياسى

تىمىسلارغا ئوخشاش ماھارەت بىلەن دوستلىرىنى يوقلاش بانىسى بىلەن كالىفورنىيىگە بارغان. كالىفورنىيىدە بىر كۈن تۇرۇپلا چىۋىنىدەك ئۆلىشىۋالغان مۇخبىرلارنىڭ كۆز ئالدىدىن تۇساتتىنلا غايىپ بولغان. ئەمەلىيەتتە زوڭتوڭ ھەربىي تىك ئۇچار ئايروپىلانغا چۈشۈپ ئېيىدىھارات ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا مەخپىي ھالەتتە يېتىپ كەلگەن ۋە 27 - نومۇرلۇق ئامبارلاردا تاشقى پلانېت ئادەملىرى بىلەن ئۇچراشقان.

بەزىلەر ئېيزىنخاۋېرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كۆرگىنى پەقەتلا ئۇچار تەخسىنىڭ سۇنۇقلىرى ۋە تاشقى پلانېت ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرىدىنلا ئىبارەت دېيىشىدۇ. قولۇمىزدىكى ئاخباراتقا ئاساسلانغاندا زوڭتوڭ ئىمرىك تاشقى پلانېت ئادەملىرى بىلەن ئۇچراشقان، شۇ چاغدا تاشقى پلانېت ئادەملىرى زوڭتوڭغا ئۆزلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ماھارەتلىرىنى كۆرسەتكەن. ئېيتىلىشىچە تاشقى پلانېت ئادەملىرى زوڭتوڭنىڭ كۆزىچىلا ھېچقانداق مىخانىزمىنىڭ ياردىمى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھاۋادا مۇئەللەق تۇرالىغان، ئۆزىنىڭ مەخسىتى ۋە روھى كۈچى بىلەن ئۇچار تەخسىگە ئوخشاش غايەت زور نەرسىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان كۈچ پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. زوڭتوڭ بىلەن مەنسۇۋى تەسىرات تىلى بىلەن سۆھبەتلەشكەن.

زوڭتوڭ تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان بۇنداق ئاجايىپ مۆجىزاتنى كۆرگەندىن كېيىن: «تاشقى پلانېت ئادەملىرىنىڭ قابىلىيىتى يەر شارى ئادەملىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن كۆپ يۇقىرى ئىكەن. ئەگەر بۇ ئەھۋالنى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىلىۋالىدىغان بولسا ئىنسانىيەت ئارىسىدا توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان ئالاقزادىلىك كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇچار تەخسە ۋە تاشقى پلانېت ئادەملىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى قەتئىي مەخپىي ساقلاش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەرگەن.

— ئۇنداقتا ئۇ يەردە ھازىرمۇ ئىمرىك تاشقى پلانېت ئادەملىرى بار ئىكەن، — دەپ سورىدىم مەن.

كورۇنكاتىن جاۋاب بېرىپ دېدى:

«كېيىن ئاڭلىشىمچە ئۆز ۋاقتىدا تاشقى پلانېت ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىش داۋامىدا باشقا كىشىلەرمۇ — ئالىملارمۇ، ئېھتىمات بىلەن تاللانغان مەخسۇس خادىملارمۇ زوڭتوڭ بىللە ئىكەن، ئەگەر بۇ كىشىلەر ئۆز ۋاقتىدىكى ئۆزلىرى كۆرگەن مەخپىيەتلىكنى ھازىر ئاشكارىلىماقچى بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زوڭتوڭنىڭ ئىنكاسىغا قاراش كېرەك.

— نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا تاشقى پلانېت ئادەملىرى بىلەن ئۇچراشقان، ھازىر ھايات بار كىشىلەر ئەشۇ ئەھۋاللارنى ئاشكارىلىمايدۇ؟

— بۇنىڭغا نۇرغۇن قىياسلار سەۋەب بولغان، چۈنكى ئۇچار تەخسىنىڭ ئۇچۇش قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالغان ھەر قانداق بىر دۆلەت ئەشۇ تېخنىكىغا تايىنىپ پۈتۈن يەر شارىنى بېسىۋېلىپ، خوجايىن بولۇۋېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا ئارمىيىسى ۋە ئاخبارات ئورگانلىرى تاشقى پلانېت ئادەملىرىنىڭ جەسىدىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئانالىز قىلىش ئىشىنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالغان. ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ھەقتە ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ھازىر يۈكسەك مەخپىيەتلىككە ئىگە ئورۇنلاردا ساقلانماقتا ئىكەن.

كورانكاتىن يەنە مۇنداق دېدى:

— ھازىر دۇنيا جامائەتچىلىكى ئۇچار تەخسە ۋە تاشقى پلانېت ئادەملىرى ھەققىدە ئازتولا ساۋاتقا ئىگە بولۇپ قالدى. ئۇلارنى ئالاقزادىلىققا چۈشۈپ قالىدۇ دەپ ئېيلاپ ئۇچار تەخسە ۋە تاشقى پلانېت ئادەملىرى توغرىسىدا مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنىڭ ئەمدى ئانچە ھاجىتى قالمىدى. كۆپچىلىكنىڭ بۇ مەخپىيەتلىكتىن خەۋەر تېپىشىغا ئەلۋەتتە، ھەققى بار.

يېقىندا، ئامېرىكا جورجىيە شتاتى داشۆسىنىڭ ئىجتىمائىي پەن پروفېسسورى جېكبوس سۆھبەت ئېلان قىلىپ: مۇزىكا ئەر-خوتۇنلارنىڭ تۇرمۇشتا ئىناق ئۆتۈپ، ھېسسىياتىنى ئىلگىرى-سۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ، مۇزىكىنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا ئاز دېگەندە بەش تۈرلۈك پايدىسى بار، دېگەن.

1. ئەر-خوتۇنلارنىڭ پىكىر ئىختىلاپىنى ۋە جېدەل ماجىراسىنى ئازايتىدۇ. بىر كۈنلۈك جىددىي خىزمەتتىن كېيىنكى بوش ۋاقىتتا، ئاياللىرىڭىز بىلەن بىرلىكتە يېنىك مۇزىكا ئاڭلىسىڭىز، كۆڭلىڭىز ئېچىلىدۇ.

2. ئەر-خوتۇنلار جېدەللىشىپ قالغاندا ياكى ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلغاندا، ئەڭ ياخشىسى، ئىككىسى بىرلىكتە مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە ئۆزلىرى ئاڭلاشنى ۋە ئېيتىشنى

## مۇزىكا ئەرخوتۇنلارنى...

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىرەر ناخشىنى ئاڭلىسا ياخشى بولىدۇ. بۇ دئۇلارنىڭ ناخشىسى بولۇپ، ھېسسىياتىنى تىلسىز ئالماشتۇرۇش، مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتكىلى بولىدۇ.

3. كەڭ تارقالغان ناخشىلارنى دائىم بىرلىكتە ئېيتقاندا، ئەر-خوتۇنلار تېخىمۇ ئىناق يېقىن ھېس قىلىدۇ.

4. ئەگەر ئۇيقۇ ياخشى بولمىغاندا ئەڭ ياخشىسى بىر يېنىك مۇزىكىنى تاللاپ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئاڭلاش كېرەك. ئېسىل مۇزىكا ئادەمگە ناھايىتى ياخشى ئۇيقۇ بەخش ئېتىدۇ.

5. ئەر-خوتۇنلار دائىم مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتىشىش ئارقىلىق بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى چىڭىتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، مۇھەببەتنىڭ ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايدۇ. (5)

بەزى ياشلار ياز كۈنلىرى ئىشتىن كېلىپلا ئۆزىنى توختىتالماستىن بىر مۇنچە سۇ ئىچىۋالىدۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا تەر كۆپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدەندىكى سۇ مىقدارى كېمىيىپ ئادەم قاتتىق ئۇسسايدۇ. بۇ چاغدا ئۇسسۇزلۇقنى بىر يولىلا بەك كۆپ ئىچمەسلىك كېرەك. تىببىي خادىملارنىڭ يەكۈنلەپ چىقىشىچە ئۇسسۇزلۇقنى بىر يولىلا كۆپ ئىچىشنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك زىيىنى بار ئىكەن.

1. ئاشقازاننىڭ سىغىمچانلىقى چەكلىك بولغاچقا، ئىچكەن ئۇسسۇلۇق بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ئاشقازان كېڭىيىدۇ ۋە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

2. ئاشقازان سۇيۇقلۇقى مەلۇم قويۇقلۇققا ئىگە بولىدۇ. ئىچكەن ئۇسسۇزلۇق بەك كۆپ بولۇپ كەتسە بۇ نىسبەت بۇزۇلىدۇ-دە، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش، مىك

## ئۇسسىغاندا...

روپ ئۆلتۈرۈش رولى ئاجىزلايدۇ، ۋاقىت ئۇزارسا، ئاشقازان، ئۈچەي يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ.

3. بىرقېتىمدىلا سۇ بەك كۆپ ئىچىۋېتىلسە ئۇ ناھايىتى تېزلا قانغا ئۆتۈپ قاننىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قاننىڭ فىزىئولوگىيىلىك رولىغا تەسىر يېتىپ، يۈرەك سېلىش، دەم سىقىلىش، سوغاق تەر چىقىش، كىچىك تەرەت كۆپىيىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇق ئىچسىمۇ قانمىسا بۇ بىرخىل يالغان ئۇسساش بولۇپ، ئادەتتە ئېغىز بوشلۇقى ۋە كاناي شىللىق پەردىلىرىنىڭ قۇرغاقلىقى تۈپەيلىدىن بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇسسۇزلۇققا بىرنەچچە تامچە ئاچچىق-تۇز ياكى تۇز سېلىپ ئىچسە ئۇ شۆلگەي ھەم ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشى ئېرىلتىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ. (5)

# ئەپۇ قىلالامسەنمۇ



(ھېكايە)

لەتىپ رازىق

سالام قەدىرلىك دوستۇم بەختىيار، ساڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتقىنىمدا يۈرىكىمنىڭ قاتتىق ئازابلىنىشىدىن قوللىرىمنىڭ قانچىلىك تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلارسەنمۇ؟! مەن بۇ خەتنى مۇمكىن قەدەر تېزرەك يېزىشقا، سېنىڭ ئالدىڭدا - سېنىڭ بىغۇبار قەلبىڭ ئالدىدا ئۆزەمنى قانداق چۈشەندۈرۈشكە نەقەدەر تەقەززا بولغانلىقىمنى خىيالىڭغا كەلتۈرگەنسەنمۇ؟

قەدىرلىك دوستۇم، سەن مېنى- دوستلۇق دېگەن بۈيۈك نامنىڭ قەدىر قىممىتىنى قىلچە ھېس قىلمىغان پارازىت قۇرۇتنى كېچىرەرسەنمۇ؟ سەن كونۇپېرت ئۈستىدىكى ئادرېسقا كۆز يۈگۈرتىۋاتقىنىڭدا ئىسمى- شەرىپى ساڭا مەلۇم بولغان ساۋاقدىشىڭنىڭ نېمە دەپ ئىلتىجا قىلىشىنى بىلەلمەي ھەيران قېلىشىڭ مۇمكىن، ياق، سەن ھەرگىز ھەيران قالمايسەن، بەلكى، ئاۋۋالقىدەكلا ئىنتايىن ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ھەتتا قوشۇماڭنىمۇ تۈرمەي خەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقالايسەن. چۈنكى سەن ئىلگىرىمۇ شۇنداق قىلغان ئىدىڭ. ماڭا نىسبەتەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭدا كۆلگەن بولۇپ يېنىۋاتقان ئۇ چىمەنلىك ئوتى جىگىرىڭنى كاۋاپ قىلغاندىمۇ قىلچە چىراي ئۆزگەرتمىگەن ئىدىڭ، بۇنىڭ ھەممىسى پەقەت مەن ئۈچۈنلا ئىدى. سەن بۇ جەھەتتە ئالىي جانابلىقىڭنىڭ يەتتە قەۋەت ئاسمىنىغا شوتا قويغان ئىدىڭ. ئەگەر سەن راستىنلا ھەيران قالىدىغان بولساڭ قەلبىڭدە بەتلەگىلىك ئەشۇ نەپرەت ئوقىنىڭ نىشانى بولغان بۇ پارازىتنىڭ ئايرىلغىلى بىر ئاي بولماستىنلا خەت يازغىنىغا ھەيران بولارسەن. مەن بۇ خەتنى نېمىشكىمۇ شۇنچە تېز يازماي.

مەن ئۆزەمنى بىر پارازىت ئورنىدا كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ۋىژدان‌سوتىنىڭ ئالدىدا قانچىلىك جازاغا تارتىلىۋاتقانلىقىمنى پەقەت ئۆزەملا بىلىمەن، يۈرۈكۈم قوۋاستا پۇچىلانماقتا. ئەگەر مۇشۇ خېتىم تومۇز ئايلىرىنىڭ شىددەتلىك يامغۇرى بولۇپ يۈرۈكۈمدىكى ئەشۇ قوۋاسنى ئۇچۇرۇۋەتسە، ئۇچۇرۇۋەتسىلا ئەمەس، ۋۇجۇدۇمدىكى ئىللەتلەرنى بىرگە ئېقىتىپ كەتسە ئۇ ھالدا يورۇق دۇنياغا ئەندىلا كۆز ئاچقاندەك پاك بولالامسىدىم؟! ئەنە شۇ بەخت يامغۇرىنى ياغدۇرۇش پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىنلا كېلىدۇ - خالاس. قەدىردان ئۇستازىم نۇرۇللا مۇئەللىمگە رەھمەت، «ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان ئىكەن. ئوقۇتقۇچىمىز بىز ئۈچۈن دادىمىزدىنمۇ چارە ئىدى. ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردا ئىنتايىن خۇش چاقچاق، قىلچە خاپا بولۇشنى بىلمەيدى-

ياشلار ئەدەبىياتى

غان كىشىدەك كۆرۈنەتتى. بىراق بىزنىڭ ئالدىمىزدا تولىمۇ سۈرلۈك ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ھەممىمىز ئۇنىڭدىن ئىنتايىن تەپ تارتاتتۇققۇ. بولۇپمۇ قىزلار ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا ئاستا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلاتتى. تەساددىپىي دوقۇرۇشۇپ قېلىپ گەپ سوراپ قالغىنىدا ئاغزىغا كەلگەن گەپنىمۇ دېيەلمەي دوقۇقلىغىنىچە تىرناقلىرىنى تاتىلاپ تۇرۇشاتتى. بۇنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى، ئىنتايىن قاپىقى يامان ئادەم بولسا كېرەك» دېيىشى تەبىئىي. بىراق بىز قىلچە توڭلۇق ھېس قىلمايتتۇققۇ، ئەكسىچە مېھرىبان ئاتىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ياغدۇرۇۋاتقان ئىللىق مېھرىنى ھېس قىلاتتۇق، بەلكىم سەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولساڭ كېرەك. ئوقۇتقۇچىمىز بەلكىم «ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز دادىسىدەك مېھرىبان بول. بىراق بۇ مېھرىبانلىقنى يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلا، ئوقۇغۇچىلىرىڭنىڭ جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ مۇستەقىل پائالىيەتكە كىرىشكەندىلا ئاندىن سېنىڭ ھەقىقىي مېھرىبان-لىقىڭنى ھېس قىلسۇن» دېگەن ئەقىدىگە چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلسا كېرەك. ئۇنىڭ بىر قېتىم قاپاق تۈرۈشى ھەپتە داۋام قىلغان سىنىپ يىغىنىدىنمۇ بەكرەك تەسىر قىلاتتى. شۇ سەۋەبلىكمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا ئەشۇ كېچىرگۈسىز گۇناھنى سادىر قىلغاندىن كېيىن گەرچە سېنىڭ ۋە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىققا تىرىشسامۇ، ئەمما، ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمغا كېلىشى بىلەن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشۇۋاتقانلىقى ئۆز ئۆزەمگە مەلۇم بولاتتى. ھەتتا بەزى كېچىلىرى ئوقۇتقۇچىمىز چۈشۈمگە كىرىپ قالسا «ياق..... ياق. مەن ئەمەس.....» دەپ جۆيلۈپ كېتەتتىم. بەختىمگە يارىشا سىلەر ياتاقداشلىرىم قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەچكە ھېچقايسىڭلار سەزمەي قالاتتىڭلار — ياق،— بۇ مېنىڭ پەقەت ئۆز-ئۆزەمنى ئالداش، نورمالسىز سوقۇۋاتقان يۈرۈكۈمنى بىر مىنۇت بولسىمۇ رېتىمگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۆزەمگە بەرگەن تەسەللىيىم. سىلەر چوقۇم ئاڭلىمىدىڭلار، ئاڭلاپ تۇرۇپ يۈزۈمگە سالمىدىڭلار.

شۇ نەرسە ئايانكى، ساندۇقۇڭنىڭ ئاچقۇچى شىمىمنىڭ يانچۇقىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن سەن ئۇنى ئوقۇتقۇچىمىزغا بەردىڭ. ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ مىجەزى ماڭا ناھايىتى ئېنىق بولغاچقا، خۇددى سانىڭ ئالقىنىغا چۈشۈش ئالدىدىكى چۈجىدەك ئۆزەمنى قويۇشقا يەر تاپالماي ھەر مىنۇت، ھەر سېكونت ئۇنىڭ چا-قىرىشىنى كۈتۈپ كۆزۈم ئىشخانىدىن نېرى كەت-مىدى. ھەتتا ئۇ دەرسكە كىرگەندىمۇ گويا «ئورنىڭدىن تۇر» دەپ ۋارقىرايدىغاندەك يۈرە-كىمنىڭ سوقىشى ئۆزەمگە ئاڭلىناتتى. ئەنە شۇنداق ئاقىۋەت يۈز بەرسە ئاز - تولا بولسىمۇ ئۆزەمنى ئاقلاش ئۈچۈن بىرەر سەۋەب ئويدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز كىرپىك قاقماي ئويلانسامۇ ھېچبىر مۇۋاپىق سۆز تاپالمايتتىم، چۈنكى ئوقۇتقۇچى-مىز بىزگە ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىملەرنىڭ جەۋھىرىنى ئۆگىتىشكە ئىرادە باغلىغان ۋە پۈتۈن ئۆمرىنى شۇ ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلىپ چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ يالغانچىلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يات ئىدى.

بىر كۈن، بىر ھەپتە ھەتتا بىر ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەپسۇسكى ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ماڭا بول-غان پوزىتسىيىسى قىلچە ئۆزگەرمىدى. بۇ ھال مېنى خاتىرجەم قىلمىش ئورنىغا تېخىمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئارىدىن يېرىم يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئۈچ يىللىق تېخنىكوم ھاياتىمىز ئاخىر-لىشىپ خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ھەرقايسىمىز تېگىشلىك ئورۇنلارغا بۆلۈندۇق. شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ساڭا قانداق سۆز بىلەن ئىپادى-لەپ بەرسەم بولار، ئەڭ ئاخىرقى كوللېكتىپ رەسىمگە چۈشۈش ۋاقتىدا سەن يېنىمدا تۇر-دۇڭ. ئۈچ يىللىق ساۋاقداشلىقنىڭ ھۆرمىتى

ئۈچۈن بۇ خىيالەنتكار ساۋاقداشلىرىمنىڭ قىلمىشىنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىۋەتكەندەك چېھرىمدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ كۆزلىرىمنى ئاپىرات ئەينىكىگە تىكتىم. مەنچۇ؟ گويا قوقاستا دەسسىگەن كىشىدەك قەلبىم ئاۋازىنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتتىم. ساۋاقداشلارنىڭ بىر قىسمى كېتىشتى. سەنمۇ ئۈچ يىللىق كوللېكتىپ ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىسىنى ئۆزۈۋېتىپ خىزمەت ئورنىڭغا ئاتلاندىڭ. ئەنە شۇ چاغدىلا ئوقۇتقۇچىمىز مېنى چاقىرتتى. ئۇ دىپلومنى قولۇمغا بېرىپ تۇرۇپ: «سەن سىنىپىمىزدىكى ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى. سېنى ياخشى كۆرىمەن، شۇنداقلا خىزمەت ئورنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەپسۇسكى — سەن دوستلىرىڭ ئالدىدا بىر خاتالىق ئۆتكۈزدۈڭ، بۇنى ئېتىراپ قىلىشىڭ ۋە تۈزىتىشىڭ كېرەك»، دېدى. بۇ چاغدا يۈزۈم شالپىدەك قىزىرىپ، يۈرۈكۈم ھەربىر تېپىشتىن توختاپ قالغاندەك نەپەس ئېلىشىم قىيىنلاشتى. ئۇ بۇ ھالىنى سەزدى بولغاي تېخىمۇ ئىللىق چىراي بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: «بىلىمەن، ئاتا - ئاناڭدىن كىچىك قېلىپ مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتتىڭ. بۇ جەھەتتە ساڭا ياردەم قولۇمنى سۇنالمىغانلىقىم ئۈچۈن سېنىڭ ئەشۇ بىر خاتالىققا يول قويۇشىڭدا تېگىشلىك جاۋابكارلىقىم بار. گەرچە ساڭا ئىلىم - پەن، ئەخلاقىي - پەزىلەت بابىدا ئاز - تولا ياردەم بېرەلىگەن بولساممۇ سەندە قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان مۇستەھكەم ئىرادە تىكلىيەلمىدىم، مۇشۇ بىر كاۋاك سېنىڭ ئەشۇ خاتالىقنى سادىر قىلىشىڭغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ئادەتتىكى كۆز يېشى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مېھرى مۇھەببەت يالقۇنىنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى ئىللەتلەرنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقى ئىدى.

مەن يېڭى مەكتەپكە كەلگەن چاغلىرىمدا سىلەردەك ساۋاقداشلىرىم بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلەنگەن ئىدىم. شەنبە كۈنلىرى كىنوغا بارغاندا، يەكشەنبە كۈنلىرى رەستە ۋە باغچىلارنى ئايلانغاندا مېنى بىرگە ئېلىۋېلىشنى ھەرگىز ئۇنۇتمىدىڭلار. بۇنداق قايناق كوللېكتىپ تۇرمۇش يېتىملىكىمنىڭ قەلبىمگە سالغان داغلىرىنى ئاستا - ئاستا يۇيۇپ چىقىرىۋېتىشكە باشلىدى. ئەپسۇسكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەندە بىرخىل خىجىللىق پەيدا بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئوقۇغۇچىلىق شارائىتتا ئائىلەمدىن كەلگەن ئاز - تولا تۇرمۇش خىراجىتىنى ئىمكان قەدەر تېجەپ ئىشلىتىش خىيالىدا بولۇۋاتقان ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا ئۆزەمنىڭ ئارتۇق يۈك بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ بارا - بارا ئۆزەمنى قاچۇرۇپ يالغۇز يۈرۈيدىغان بولدۇم. شەنبە كۈنلىرى سىلەر كىنوغا بېرىشقا تەييارلىق قىلىشتىن بۇرۇن باشقا جايغا مۆكۈۋالدىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زامان تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئەلچىسى بولغان مەدەنىي تۇرمۇش ئۇچقاندەك راۋاج تېپىپ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۈستى - بېشى يەس - بەس بىلەن يېڭىلىنىشقا باشلىدى. ھەرخىل چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشىۋالغان دوستلىرىمنى كۆرگىنىمدە يېتىملىكىمدىن ئازابلىنىپ نەچچە كېچىلەرنى كۆز يېشى قىلىپ ئۆتكۈزدۈم. ئوقۇتقۇچىمىز بىرنەچچە قېتىم ئەھۋاللاشقاندىمۇ كۆڭلۈمدىكى سىرنى يوشۇرۇدۇم. شۇ چاغدا تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىمىز ھەممىمىزگە بىر قۇردىن تەنتەربىيە كىيىمى ئېلىشنى تاپشۇردى. بۇ ۋەزىپە

ھەپتىسىگە قالمايلا ئەمەللىشىپ بولدى. تەنھەركەت دەرسىدە تەپ - تەكشى كىيىنگەن دوستلىرىم ئالدىدا ئۆزەمنى غەلىتە ھېس قىلىپ تولىمۇ ئازابلىنىشقا باشلىدىم. يالغۇزلۇق ۋە روھىي چۈشكۈنلۈك ئىرادەمنى بوشاشتۇردى. دەل شۇ چاغدا ئائىلەمدىن پۇل كەلدى. سەن ئۇنى ساندۇغىڭغا سېلىپ، ئاچقۇچىنى ياستۇغۇڭنىڭ ئاستىغا قويۇپ دەرسكە كىرىپ كەتتىڭ. شۇ كۈنى مەن قەستەن «ئاغرىپ قالدىم» دەپ دەرسكە چىقمىغان ئىدىم. دەرھال 20 يۈەن پۇلۇڭنى ئالدىم - دە، شۇ كۈنىلا بىر تور تەنھەرىكەت كىيىمى ئالدىم. ئۇنى ئۇچامغا سېپىشىم بىلەن بەدىنىمنى چايان چاققاندەك تولغۇنۇپ كەتكىنىمنى ساڭا ئېيتمايلا قوياي...

قەدىرلىك دوستۇم، ئۇستازىم ھەممە ئىشنى بىلىپ بولغان ئىكەن. ئۇ كۆز يېشىمنى ئېرتىپ تۇرۇپ: «بۇ ۋەقەدىن كېيىن دوستۇڭنىڭ سەندىن قانچىلىك رەنجىگەنلىكىنى ۋە سېنىڭمۇ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىڭنى بىلىمەن. ئوقۇشۇڭغا تەسىر يېتىشتىن ئەنسىرەپ يۈزۈڭگە سالمىغان ئىدىم. ئەمدى جەمئىيەتكە چىقىش ئالدىدا تۇرىسەن. ئىشلىگىنىڭگە تېگىشلىك ھەقتىن بەھرىمان بولىسەن، ئىنسانىي غورۇرۇڭنى پاكلاش ئۈچۈن ئەشۇ قەرزنى قايتۇرۇشۇڭ كېرەك» — دېدى. مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. پەقەت مونچاقتەك كۆز ياشلىرىم ئارقىلىقلا ئۇستازىمغا ۋەدە بەردىم...

مانا بۈگۈن تۇنجى ئايلىق ئىش ھەققىم قولۇمغا تېگىشى بىلەنلا قەرزىڭنى تۆگىتىش، ياق، سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆتكۈزگەن جىنايىتىمنى يۇيۇش ئۈچۈن 20 يۈەن پۇلنى ئەۋەتتىم.

قەدىرلىك دوستۇم مېنى ئەپۇ قىلارسەنمۇ؟ راستىنلا ئەپۇ قىلساڭ ئۆزەمنى بىر ئۆمۈر بەختلىك ھېسابلىغان بولاتتىم. (8)

## يىلتىزىم

(نەسىر)

ئابدۇھەممەد سايىپ

ئېخ، يىلتىزىم! شەيئىلەر ئالىمىدىكى نامەلۇم مۆجىزە! سەن نېمە دېگەن ئۇلۇغ، نېمە دېگەن خاسىيەتلىك — ھە!؟ شۇ تاپ تەپەككۇر كۆزلىرىم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى، سېنىڭ خىسلىتىڭدە ھەقىقىي ۋەتەن سۆيگۈچىنىڭ ئوبرازى مۇجەسسەم، سېنىڭ جىسمىڭدا ھەقىقىي جاپاكەش باغۋەننىڭ خىسلىتى نامايەن، سەن ھاياتنىڭ بەدىلىگە ھايات، ئارزۇ - ئىستەك، بەختنىڭ بەدىلىگە تەبىئەتكە گۈزەللىك ئاتا قىلغۇچىسەن، سەن گۈل - گۈلىستان، باغۇ - بوستان قىسقىسى يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسە ئۈچۈن مېھرىبان ئانا، ئەنە، سەن نۇرسىز، ئۇيۇلتاشتەك قاتتىق تۇپراق قوينىغا شۇڭغۇغان ھەر بىر ئىزىڭدىن ھاياتلىق چاچقۇسى چېچىۋاتىسەن.

ئاھ! مەن سېنىڭ ئالەمچە سۆيگۈ بىلەن مەشۇقۇڭ بولغان — ئانا تۇپراقنى ۋاپا بىلەن باغاشلاپ تۈمەننىڭ يىللار سۆيۈشىڭدىن سۆيگۈ - مۇھەببىتىڭگە ئەھدىنى ئالدىم، سېنىڭ جاپاغا يېقىن، شەرەپتىن يىراق جىسمىڭنى دىيارىمنىڭ لالە - رەيھانى ئۈچۈن قۇربان قىلىشىڭ مەن ئۈچۈن ئۆرنەك ئىرادەم جەڭگاھىدىكى باتۇرلار ئۈچۈن مەدەت — ئىلھام.....

ئېخ، يىلتىزىم! مەن بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئالدىڭدا شۇنداق قەسەم يات قىلىمەنكى، مەنمۇ سەندەك ھاياتلىق ئالەمنىڭ تاغ - تاغلاپ ئېغىر يۈكىنى مۈرەمگە ئارتىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن قىلچە ۋايسىمايمەن، بەلكى كۆرمىگىلىغان غەۋغالارنى قاتارغا قوشۇپ ئىپتىخار بىلەن مەنمۇ سەندەك ياشايمەن. (8)


ئىشخانا
مۇكاپات
ئەكرەم ئىمىن سىزغان
① ئىشلەيدىغانلاردىن
ھەدەمەتچى . كۆپ
② ئاخۇننىڭ ئالمىسىنىڭ قايغۇسى بار
③ ئارازمەن تۇرقا
④ مۇزاكىرىلىش ئارقىلىق
ئورتاق ھاسىل قىلىش
⑤ جېدەل ⑥ پەرق

ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى ئاجايىپ رەڭدار
مەدەنىي ئەديادىدۇ ئۆزگىچە خوشتار،



جوك-كىچىكلەر ھۆرمەتلەر بىر-بىرىنى كارامەت
داۋام قىلىپ كەلمەكتە بۇ ئەنئەنە داۋامەت



قاشلىرىغا كىلىشتۈرۈپ قويۇپ تۆسمىنى،
گۈلدەك قىلىپ ياسىماقتا ئەنە ھۆسنىنى



يېڭى كېلىن ئېرىشتى بەكمۇ ياخشى باھاغا.
يۈز ئاچقۇدىن بىلىندى ئىگىلىگى ھاياغا.
(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى راخمان ئوبۇل، ئابلىمىت، ئابلىز غوجامنىياز، يالقۇن تارتقان)



ئىپقىمىغا چۈشىدۇ قىرىق ئۆرۈم چاچلىرى
دوپپا ئۇ ياراشقان بەرگ قىياق قاشلىرى



2 3 4 5 6 7 8 9 10 11 12 13 14 15 16 17 18 19 20 21 22 23 24 25 26 27 28 29 30

**قەدەم تەشرىپ قىلىڭ**

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يېنىدىكى چوڭ كوۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىراق، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى خىزمەت بىناسىنىڭ 3. قەۋىتىدە

**تېلېفون بېرىڭ**

باش مۇھەررىر ئىشخانىسىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 27885
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 25064
خەنزۇ بۆلۈمى: 25862
مەمۇرىي بۆلۈم: 24544

**ئەسەر ئەۋەتىڭ**

ئادرېسىمىز: كونىۋرىتقا مۇنداق يېزىڭ: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9- قورا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

**مۇشتەرى بولۇڭ**

ژۇرنىلىمىزغا ھەر يىلى 2-، 5-، 8-، 11- ئايلارنىڭ 1- كۈنى پەسىللىك، يېرىم يىللىق، يىللىق مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى (50 — 58)